# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学研究


(ئىچكى ژورنال　　内部刊物)

ئۇيغۇرچە 7 — 8 - سان　　1984 - يىل 8 - ئاي

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新疆维吾尔自治区社会科学院



ئاكادېمىك بارتولد


ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر ئەسەرلەردىن

## يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئاكادېمىك بارتولد ھەققىدە ...... ئۇيغۇر سايرانى (1)

مۇقەددىمە ........................................ (4)

I . ئۇيسۇنلار ........................................ (6)

II . تۈركلەر ........................................ (31)

III . قارلۇقلار ........................................ (18)

IV . قارا خانىلار ........................................ (24)

V . قارا خىتايلار ........................................ (30)

VI . چاغاتاي دۆلىتى پارچىلىنىشقا قەدەر بولغان موڭغۇللار .................. (41)

VII . موغۇلىستان ........................................ (72)

VIII . قالماقلار ........................................ (96)

ۋەقە يۈز بەرگەن يىللارنىڭ كۆرسەتكۈچى .................. (104)

# مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئاكادېمىك بارتولد ھەققىدە

بارتولد — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىمى. ئۇنىڭ شەرقشۇناسلىقتىكى يېتەكچى مەۋقەسى ئەسىرىمىزنىڭ 2 - ئون يىللىرىدىلا روسىيە ۋە چەتئەللەردە ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تېمىسىغا بېغىشلانغان ئاجايىپ ئەمگەكلىرى بارتولدنى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتقان. تارىخ تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلمىي پائالىيەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك.

ئاكادېمىك ۋاسىلى ۋىلادىمىروۋىچ بارتولد 1869 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى (15 - كۈنى) رۇسلىشىپ كەتكەن نېمىس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسىنىڭ ئەجدادلىرى بالتىق دېڭىزى ياقىسىدا ياشىغان. ئاپىسىنىڭ چوڭ بوۋىسى خىرىستىيان دىنىنىڭ لىيوتىران مەزھىپىدىكى روھانى بولۇپ، ھامبۇرگ شەھىرىدىن روسىيىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان، بارتولدنىڭ ئۆز ئاتىسى چوڭ مالىيە - سودا ئورۇنلىرىنىڭ دەللالى بولغان.

بارتولد كىچىكىدىنلا تىرىشچان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىجتىمائى پەنلەرگە قىزىققان. ئۇ، 1887 - يىلى، پېتربۇرگ 8 - گىمنازىيەسىنى ئالتۇن مېدال بىلەن پۈتتۈرۈپ، تارىخ پېنىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ تاللىۋالغان. بارتولد شۇ يىلى (1887 - يىل) پېتربۇرگ دارىلفۇنۇنىنىڭ شەرق تىللىرى پاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇپ، 1891 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغان. ئۇ، دارىلفۇنۇننى تاماملاپ بولۇپلا، كەسپىي سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز كېيۈچىگە تايىنىپ چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇغان. چەتئەلدىن قايتىپ كېلىپ پېتر بۇرگ دارىلفۇنۇنىدا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 1900 - يىلى شەرق ئەللىرى تارىخ پەنلىرى دوكتۇرى ئۇنۋانى ئالغان. 1901 - يىلى پېتر بۇرگ دارىلفۇنۇنىنىڭ پىروفېسسورى بولغان. 1910 - يىلى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولغان. 1913 - يىلى پېتر بۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان.

بارتولد ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى — 1893 - يىلدىن 1916 - يىلغىچە بولغان جەريانىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا تارىخىغا ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىزدەش، تەكشۈرۈش، رەتلەش، ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن، پېتېربۇرگ دارىلفۇنۇنى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى قاتارلىق چوڭ ئىلمىي ئورگانلار نامىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپ قېتىملاپ بېرىپ كەلگەن. يەنە شۇنىڭدەك ئىلمىي كاماندىروپكىلار بىلەن فىنلاندىيە، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە، گوللاندىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ئىرلاندىيە، شۋېتسىيە، گرېتسىيە، نورۋېگىيە، دانىيە، تۈركىيە، مىسىر، شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرگىمۇ چىققان.

ئۇ، دارىلفۇنۇنلاردا دەرس بەردى، ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىلەن ھەمكارلاشتى، كۆپلىگەن ژۇرناللارنى نەشر قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇھەررىرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى. ئۇ، تەتقىقاتنى مۇھىم بىلىپ، ئىران، ئەرەپ مەملىكەتلىرى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ، شۇنىڭدەك موڭغۇللارنىڭ تارىخلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزلەندى. ئۇنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەتىجىسى دەل ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى ئۈستىدە گەۋدىلەندى.

بارتولد ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىلمىي ئىجتىمائىي تەشكىلات پائالىيەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقتىكى جۇمھۇرىيەتلەردە شەرق ئەللىرى تارىخى كافېدرالىرىنى قۇرۇش، ئىلمىي كۇتۇپخانا، قوليازمىلارنى ساقلاش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا (تاشكەنت) دارىلفۇنۇنىنى قۇرۇش، شۇنىڭدەك مۇزېي قۇرۇشتەك بىر قاتار زور خىزمەتلەرنى بېجىردى. 20-- يىللاردا، يەرلىك ئىلمىي ئورۇنلارنىڭ تەكلىپلىرى بىلەن لېنىنگراد، موسكۋا، باكۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنلىرىدا ۋە باشقا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا لېكسىيىلەر ئوقۇدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىمۇ بولدى. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم خەلقئارالىق چوڭ يىغىنلارغا ئىشتىراك قىلدى. 1926 -- يىلى، تاشكەنت شەھىرىدە بارتولدنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋان ئالغانلىقىنىڭ 25 يىللىقى ۋە دەرس بېرىشكە كىرىشكەنلىكىنىڭ 30 يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى.

بارتولد تەكلىپ بىلەن چەتئەللەرنىڭ دارىلفۇنۇنلىرىدىمۇ لېكسىيىلەر بەردى: 1926 -- يىلى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن تۈركىيىگە كېلىپ، ئىستانبۇل دارىلفۇنۇنىدا لېكسىيە ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئىستانبۇلدا ئوقۇغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى ھەققىدىكى بۇ لېكسىيىلىرى 1927 - يىلى تۈرك تىلىغا، 1935 - يىلى نېمىس تىلىغا، 1945 - يىلى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقتى. 1929 - يىلى تەكلىپ بىلەن گېرمانىيىگە كېلىپ، بېرلىن، ھامبۇرگ، گېتتىنگېن شەھەرلىرىدە لېكسىيىلەر ئوقۇدى.

بارتولد ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ، كەينى-كەينىدىن بىر قاتار ئىلمىي ۋە ئاممىباپ قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە پېداگوگىكا پائالىيەتلىرىدە، ئەرەپلەر تارىخىغا، ئىسلام تارىخىغا — قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا

قارىخىغا ناھايىتىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي پائالىيەت ساھەسى قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي پائالىيەت-تەتقىقاتلىرى ناھايىتىمۇ كەڭدۇر. ئۇ، قەدىمقى كلاسسىك تىللارنى ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ ئاساسلىق تىللىرىنى ئوبدان ئىگەللىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەپ، پارس، تۈرك ۋە تاتار تىللىرىنى — شەرق تىللىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇ، ئۆز زامانىسىدا كۆچمەن قەبىلىلەر تارىخىنى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغان ئادەم ھېسابلىناتتى. بارتولد ئىران، زاكاۋكازىيە مەملىكەتلىرى، ئەرەپ مەملىكەتلىرى ۋە تۈركى خەلقلەر ھەمدە موڭغۇللارنىڭ تارىخلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، ئىسلامشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئەرەپ ئاپتورلىرىنىڭ ۋە غەربىي ياۋروپا ئاپتورلىرىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنى مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى كۆپلىگەن كونكرېتنى پاكىتلار ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ، تەنقىدىي تەھلىل ئېلىپ باردى. بۇ ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىكى تارىخى، شەرق ئەللىرىگە تارقىلىش تارىخى ۋە مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەرنى تامامەن يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا بايانلىدى. ئۇنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ۋە خۇلاسىلىرى پەقەت روسىيىدىلا ئىسلام تارىخىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ قالماي، بەلكى دۇنيا ئىسلامشۇناسلىقىنىمۇ كەڭ بېيىتتى.

ئىجتىمائىي پەنلەرگە مۇستەھكەم باغلانغان، بىلىمنى باشقىلار بىلەن كەڭ ئورتاقلىشىدىغان، شاگىرتلىرىغا مېھرىۋان، لېكىن تەلەپچانلىقى كۈچلۈك، ئەمما ساختىپەزلىككە، تەخسىچىلىككە، مەنسەپكە ئىنتىلىشكە، ئىككىيۈزلىمىلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان بۇ مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم 1930-يىل 8-ئاينىڭ 19-كۈنى لېنىنگراد يېنىدىكى ساناتورىيىدە بۆرەك كېسىلى بىلەن 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بارتولد نىڭ جەسىدى لېنىنگرادتا، 1928-يىلى 5-ئايدا ۋاپات بولغان ئايالى مارىيە ئالېكسېيېۋنا بىلەن بىر قەۋرىگە قويۇلدى.

1892-يىلدىن 1930-يىلغىچە بولغان 38 يىل ئىچىدە، بارتولدنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئەسىرى نەشردىن چىقتى. «ئىسلام قامۇسى» نىڭ ئۆزىگىلا 246 پارچە ماقالە يېزىپ بەردى. بارتولدنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى چەتئەللەردە مەشھۇر بولۇپ، ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، شۇنىڭدەك ئەرەپ، پارس، تۈرك، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. بارتولد ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىلىرى 1926-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنى ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 14-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بارتولدنىڭ چوڭ داڭ قازانغان مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» (1900-يىل)، «خەلق ۋە سۇلتان» (1912-يىل)، «ئىسلام ئومۇمىي ئۆچېركى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(1918 - يىل، پېتربۇرگ)، «مۇسۇلمان مەدەنىيىتى» (1918 - يىل پېتربۇرگ)، «مۇسۇلمان دۇنياسى» (1922 - يىل، لېنىنگراد)، «تۈركىستان» (1922 - يىل، تاشكەنت)، «تۈركىستان مەدەنىي ھاياتىنىڭ تارىخى» (1927 - يىل لېنىنگراد)، «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» (1943 - يىل، فرۇنزې)، «مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تارىخىدا كاسپىي دېڭىزى يېنىدىكى رايونلارنىڭ تۇتقان ئورنى» (1925 - يىل، باكۇ) ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

بارتولدنىڭ «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئۈچۈن بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بىرسىدۇر. بىر مەزگىل بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بولغان يەتتە سۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەم قىزىقارلىق ھەم مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلىرى مانا شۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان. مەزكۇر ئەسەر ئۇيسۇنلار، تۈركلەر، قارلۇقلار، قاراخانىلار، قاراخىتايلار، چاغاتاي دۆلىتى پارچىلىنىشقا قەدەر بولغان موڭغۇللار، موغۇلىستان، قالماقلار قاتارلىق 8 باپتىن تەركىب تاپقان. ئۇ بىزگە شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

«يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى 1964 - يىلىلا قولدىن چىقارغان ئىدىم. بۇ يىل (1984 - يىل) 2 - ئايدا ئۇنى يەنە قايتا سېلىشتۇرۇپ ۋە تولۇقلاپ چىقتىم ھەمدە تەتقىقاتچى يولداشلارغا مەلۇم دەرىجىدە ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىتتە تەقدىم قىلدىم.

ئۇيغۇر سايرانى 1984 - يىل 3 - ئاي

## مۇقەددىمە

پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناس ئالىملار ھەيئىتى تەرىپىدىن چىقىرىلماقچى بولغان «خاتىرە كىتابچىسى»غا يەتتە سۇ تارىخىنىڭ قىسقىچە ئوچېركىنى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ يىللار تەرتىۋى بويىچە كۆرسەتمىسىنى يېزىپ بېرىش تەكلىۋىنى بەك چوڭ مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدىم. بۇ تارىخنى تولۇق ۋە ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش شۇ جايدىكى كۈچلەرنىڭ پائال ئىشتىراكى ئاستىدىلا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئادەم ئۈچۈن، يەتتە سۇنىڭ يەرلىك تارىخىغا قىزىقىشتىن ئىبارەت بۇ پاكىتنىڭ ئۆزىلا ئادەمنى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە خۇشاللاندۇرىدىغان ئىشتۇر. بىزگە يېتىپ كەلگەن يازما مەنبەلەر كۆپىنچە ئۈزۈك، كەم - كۇتە بولۇپ، بۇلار ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلىنىشقا ئېھتىياجلىقتۇر. بۇ يۇرتقا قىسقا مۇددەت بىلەن كەلگەن، شۇڭلاشقىمۇ يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالمىغان ئادەملەر بۇ ماتېرىياللارنى توپلاشتا يەڭگىلى بولماس دەرىجىدە دېگىدەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. شۇ جايلاردا دائىم ياشاپ كەلگەن ئادەملەرلا تېخىمۇ كەڭرەك دائىرىدىكى شۇنداق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارا

لايدۇ ۋە پەننى ھەقىقەتنىمۇ قىممەتلىك كەشپىياتلار بىلەن بېيىتالايدۇ. مانا شۇنداق كەش-
پىياتلار يەتتە سۇ ئوبلاستىدىمۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (مەسىلەن: پىشبەك ۋە توقماق ئەتراپلىرىدى-
-كى نېستورىيان قەۋرىلىرىنىڭ تېپىلىشى). لېكىن بۇلار ئازدۇر-كۆپتۇر تاسادىپىي خاراك-
تېرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ خېلىلا قىسمى ئىلىم-پەن
ئۈچۈن ھېچقانداق پايدا كۆرسەتمىگەن ھالدا يوقىلىپ كېتىۋاتماقتا. مەسىلەن: ماڭا شۇنداق
ئىش مەلۇمكى، بوران (كونا بىر شەھەرنىڭ خارابىسى —ئو. س) نىڭ يېنىدىكى كونا ئېرىق-
لارنىڭ ئىزلىرىدىن توقماق شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى نۇرغۇنلىغان ياماقلارنى تاپقان، لېكىن بۇيا-
ماقلارنىڭ بىرەر يەردە يىغىلىۋاتقانلىقىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. يەرلىك قەدىمىي خاتىرىلەرنى
تەتقىق قىلىش ئىشى، خۇددى باشقا ھەر قانداق ئىشقا ئوخشاشلا، توغرا تەشكىللەنگەندىلا
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىز مۇشۇ مەقسەتتە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يەتتە سۇدىمۇ
خۇددى ھازىر تۈركىستان ئۆلكىسىدە قۇرۇلغانغا ئوخشاش، مۇئەييەن ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئالدىغا
قويغان ھوقۇقلۇق ئىلمىي جەمئىيەتلەر قۇرۇلىدۇ، دېگەن ئۈمىتتە تۇرماقتىمىز. تۈركىستان
ئۆلكىسىدىكى جەمئىيەتلەر تالاس ۋادىسىدا قەدىمقى تۈركلەرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقلىرىنى
ئىزدەپ تېپىشتەك قىممەتلىك كەشپىياتلىرى بىلەن ئىلىم-پەننى بېيىتتى.
ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى توپلاش بىلەن جايلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يەرلىك
كۈچلەرنىڭ پايدىسى تۈگەپ قالمايدۇ. تەتقىقاتچىنىڭ شۇ يۇرت جايلار بىلەن شەخسى
تونۇشلۇغى بۇ جايلارنىڭ قەدىمقى جۇغراپىيىلىك ناملىرىنى ھازىرقى ناملار بىلەن
سېلىشتۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ لازىم. خۇددى شۇنىڭدەك، مەزكۇر جايلار تارىخىنىڭ
جۇغراپىيىلىك شارائىتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تولۇق ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر.
تارىخچى ئۈچۈن ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللارنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ
ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. شۇنداق ماتېرىياللارنى يىغىشتىمۇ شۇ يەردە
ئىشلىگۈچىلەر سىرتتىن كەلگەنلەرگە نىسبەتەن ئەپلىك شارائىتتا تۇرىدۇ.

سىزلەرگە تەقدىم قىلىپ تۇرغان مۇشۇ ئەمگىكىمىز يۇقۇرقى ساھەلەردە ئىشلەشنى
خالىغۇچىلارغا بەزى ياردەملەرنى بېرەلەيدۇ، دېگەن ئۈمىتتىمىز. يەتتە سۇ ھەققىدە ھازىرچە
بىزگە مەلۇم بولغان نەشر قىلىنغان ۋە قولىيازما مەنبەلەرنى بىر پۈتۈن قىلىپ
توپلاشقا كۈچ چىقاردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ جاينىڭ تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردىكى
تۇرمۇش شارائىتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بېرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلدۇق. بىز زامانى-
ۋى ئىلمىي تەلەپلەرنى قاناائەتلەندۈرىدىغان مۇشۇ جاينىڭ چىن مەنىدىكى تارىخىنى يېزىش-
نى نەزەردە تۇتۇپ كەتمىدۇق، بۇنداق ئەسەر ئۈچۈن ھازىر ۋاقىت پىشمىدى. يەتتەسۇنىڭ
تارىخىي ھاياتىنىڭ جەريانىنى چۈشىنىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر
يېشىلمىدى. بىز بۇ مەسىلىلەرگە بىرەر جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ، ئۇلارنى پەقەت

نىشانلاپ قويۇپ قويدۇق. تەقدىم قىلىنىۋاتقان مەزكۇر ئۆچېرىك كەلگۈسىدىكى تارىخچىلار ئۈچۈن پەقەت ماتېرىيال بولۇشقا تېگىشلىك ۋە كېلەچەكتىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن چىقىش نۇقتىسى بولۇش لازىم. مۇشۇ مەقسەتنى مەزكۇر ئەسەر قانچىلىك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە گەپ ئېچىش ماڭا ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

---

[ يەتتەسۇ تېررىتورىيەسى بۈگۈنكى كۈندە قازاق سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋە قىرغىز سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە كىرىدۇ. بۇ يەرلەردە سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار پەقەت سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدىلا كەڭ تۈس ئالدى. بۇ تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى «قىرغىزىستان تارىخى» (بىرىنچى تومى فرۇنزې شەھرىدە 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان) ۋە «قازاق سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتى تارىخى» (بىرىنچى تومى ئالمۇتا شەھرىدە 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ئومۇملاشتۇرۇلغان ئەمگەكلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. يەتتەسۇنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا سوۋېت تەتقىقاتچىلىرى قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللار قازاق س س ر نىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خەرىتىسىدە تولۇق ئەكس ئەتتى (بۇ، 1960 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىندى). ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار توپلىمىنى بېرىنشتامنىڭ «چۇ دەرياسى ۋادىسى»، «ئارخېئولوگىيىلىك ئۆچېرىك»، «تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ئۆچېرىكلار» دېگەن ئەسەرلىرىدىن، ئىۋانوۋنىڭ «ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار»، زادنېپروۋسكىنىڭ «ئىسسىق كۆل ئويمانلىقى ھەققىدە تەتقىقات»، كوژېمىيەكونىڭ «چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى شەھەرلەر» دېگەن ئەسەرلىرىدىن كۆرۈڭ. يەتتەسۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مۇندەرىجىسىنى ئامىتىن شاپىرو دېگەن ئادەمنىڭ «بىبلىئوگرافىك كۆرسەتمە» دېگەن ئەسىرىدىن كۆرۈڭ. شەرقىي قازاقىستان ۋە شىمالىي قىرغىزىستان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى «سوۋېت ئارخېئولوگىيىلىك ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسەردىن كۆرۈڭ. ئىسسىق كۆل ئويمانلىقىنىڭ قەدىمقى تارىخىغا ئائىت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قەدەر بولغان رۇس ئەدەبىياتىنى ئامىتىن شاپىرونىڭ «بىبلىئوگرافىيە» دېگەن ئەسىرىدىن كۆرۈڭ. ۋ. رومودىن ]

## I

## ئۇيسۇنلار

يەتتەسۇ توغرۇلۇق قەدىمقى تارىخىي مەلۇماتلارنى بىز جۇڭگو مەنبەلىرىدىن تاپىمىز؛ يۇنان ۋە رىمنىڭ بۇرۇنقىراق يازغۇچىلىرىنىڭ يازغانلىرىدىن سىردەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ بىر قانچە ئىسىملىرىنىلا تاپىمىز؛ بۇ يازغۇچىلار ئۇ خەلقلەرنىڭ تۇرار ماكانلىرىنىمۇ مۇقىملاشتۇرمايدۇ. يەتتەسۇ جۇڭگولۇقلارغا مىلادىدىن ئاۋالقى 2 - ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مەلۇم بولۇشقا باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتلار جۇڭگو ھۆكۈمىتى قۇدرەتلىك ھۇنلارغا قارشى ئىتتىپاقچى ئىزدەپ غەربتىكى ئەللەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتكەن چاغ ئىدى. ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان خەلقلەر قاتارىدا ئۇيسۇنلار (乌孙) مۇ بار ئىدى. ئۇيسۇنلار دەسلەپتە نەنشەن ( تىيەن ـ چىلەن ـ ت ) تاغلىرى بىلەن بۇلۇنجىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەردە كۆچۈپ يۈرەر ئىدى. بۇ يەردە ئۇيسۇنلارنىڭ پادىشاسى ھۇنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ھالاك بولدى؛ ئۇنىڭ ئەمچەكتىكى بالىسىنى ھۇنلارنىڭ پادىشاسى ئېلىپ كېتىپ تەربىيىلەپ ئۆستۈردى، نەتىجىدە ئۇ بالا ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ خەلقىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇيسۇنلار ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى خوشنىلىرى ياۋچى (يۈەچى) لارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلاشقا قاتناشتى؛ ياۋچىلار، ئېھتىماللارغا كۆرە، تىبەتتىن كېلىپ چىققان خەلق بولسا كېرەك ①. ياۋچىلار ئۆزلىرى غەربكە يۈرگەندە، يەتتە سۇدىكى ”سەيپ“ (СЭ) ئىسىملىك خەلقنى سۈرۈپ چەتكە چىقاردى. بۇ خەلقنىڭ ئىسمىنى ئادەتتە ساك (ساق) خەلقىنىڭ ئىسمىغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر، دەپ قارايدۇ. ساك خەلقى بولسا يۇنان ۋە پارسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن بۇلارنى مۇنداق يېقىنلاشتۇرۇشقا ئاۋاز ئوخشاشلىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئىسپات يوق. ياۋچىلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيسۇنلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. جۇڭگو ئەلچىلىرى دەسلەپ كەلگەن چاغلاردا، ئۇيسۇنلار يەتتە سۇدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇردى. لېكىن بۇ يەردە يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن ھەر ئىككى خەلقنىڭ بىر قىسمى ياشىماقتا ئىدى ②. بۇ يەردە ئۇيسۇنلارنىڭ كۈنىيۇ

---

① ياۋچىلار (يۈەچىلار) — مىلادىدىن 2 ئەسىر ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسىي يەرلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان كۆچمەن خەلق بولۇپ، مىلادىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ ھىندى دۆلىتى — كۇشان دۆلىتىنى بەرپا قىلغان. ھازىرقى كۈندە ياۋچىلار شەرقىي ئىران گۇرۇپپا تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلە، دەپ تونۇلىدۇ. لىۋشىننىڭ «ئىران تىللىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 142 — 143 — بەتلىرىگە ۋە «تاجىك خەلقى تارىخى» نىڭ 1 — توم 335 — 339 - بەتلىرىگە قاراڭ.

② سېيپ (СЭ) خەلقى ئۈچ ئەلنى تەشكىل قىلدى. جۇڭگولۇقلار بۇلارنى ”جىبىن“ (罽宾)، ”شيۇشۇن“ (休循) ”جۈەندۇ“ (捐毒) دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەرلەر ھىندۇقۇش تاغلىرىغا ۋە كابۇل ۋادىسىغا جايلاشقان ئىدى. يۇنان يازغۇچىلىرى بۇلارنى ھىندى — ئىسكىف يەرلىرى دەپ ئاتايدۇ. شۇڭلاشقا، سېيپ خەلقىنىڭ ئىسكىفلار بىلەن يەنى ساقلار بىلەن بىر خەلق ئىكەنلىكىگە شۈبھىلەنمەسلىككە بولىدۇ. جىبىننى ئادەتتە كابۇل ئوبلاستى ياكى كەشمىر ئىكەن، دەپ قارايدۇ؛ شيۇشۇننى ئالاي ۋادىسىدا، جۈەندۇنى قەشقەرنىڭ غەربى ۋە غەربىي جەنۇبىدا دەپ قارىسا ئەقىلغە مۇۋاپىقراق بولىدۇ. مىندالىشتام « ماتېرىياللىرى » نىڭ 51 — 52 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئۇنىۋانىدىكى پادىشاسى لىجاۋمى تېزۋاقىت ئاردىمىدا چوڭ كۈچ ... ۋۇۋۇەتكە ئىگە بولۇپ، ھۇنلارغا پۈتۈنلەي بويسۇنماس بولۇپ قالدى. شەرقتە ئۇنىڭ يەرلىرى ھۇنلارنىڭ يەرلىرى بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىدى (جۇڭگولۇقلار بۇ ئىككى خەلق يەرلىرىنىڭ چېگرىسى كۇنكېرىت قايسى يەرلەردىن ئۆتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ). ئۇيسۇنلار مەملىكىتىنىڭ جەنۇبىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمدىنلا ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان يەرلىرى بار ئىدى؛ غەربىي جەنۇبىدا بولسا پەرغانە، غەربىدە كۆچمەن كانگۈي (تۈرك خەلقى قانقىلى بولۇشى ئېھتىمال) خەلقىنىڭ يەرلىرى جايلاشقان ئىدى. ئۇيسۇنلار پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، كانگۈي خەلقى پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ ئىككى خەلق يېرىنىڭ چېگرىسى يەتتە سۇ بىلەن سىر دەريا ئويلاستىنىڭ چېگرىسىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇيسۇنلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك، بۇلارنىڭ تىلىدىن بىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەنلىرى خاس ئىسىم ۋە ئۇنۋانلار بولۇپ، بۇمۇ جۇڭگونىڭ ھىروگلىف تەلەپپۇزى بويىچە بېرىلگەن ۋە ھېچقانداق تىلچى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنمىغان (بىزنىڭ دىققىتىمىزنى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «مى» قوشۇمچىسىلا جەلپ قىلىدۇ). ئۇيسۇنلارنىڭ تاشقى قىياپىتى توغرۇلۇق كېيىنرەك (مىلادىنىڭ 7-ئەسىردە)، جۇڭگو يازغۇچىسى ياڭ شىگۇ (杨袭古) نىڭ تۆۋەندىكى ئىسپاتىغا ئىگەمىز: «ئۇيسۇنلارنىڭ قىياپىتى غەربىي رايوندىكى باشقا چەتئەللىكلەرنىڭكىدىن كۆپ پەرق قىلىدۇ. ھازىرقى كۆك كۆز، قىزغۇچ سېرىق ساقال، مايمۇنغا ئوخشىغان تۈركلەر ئۇيسۇنلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر». ئەلۋەتتە، بۇ ماتېرىيال ئۇيسۇنلار بۇرۇنقى شەرقشۇناس ئابېل - رېمىوزا ۋە كلاپروتلارنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك، ئارىيەلىكمۇ؟ ياكى ئاكادېمىك رادلوف ۋە تۈركلەر ھەققىدىكى ئەڭ كېيىنكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ ئاپتورى ن. ئا. ئارىستوۋلارنىڭ تەخمىن قىلغىنىدەك تۈركمۇ؟ — مانا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياڭ شىگۇنىڭ يۇقۇرقى ماتېرىيالى ئازلىق قىلىدۇ.

ئۇيسۇنلارنىڭ كۆچۈپ يۈرگەن جايلىرى، ئاساسەن، يەتتە سۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىگە جايلاشقان ئىدى. شۇڭلاشقا، جۇڭگولۇقلار ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى تۈزلەڭ ۋە ئوت چۆپلۈك ئىدى، دەيدۇ؛ شۇنىڭدەك بۇ يەرلەرنىڭ ئابى ھاۋاسىنىڭ يامغۇرلۇق ۋە سوغاق ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇ يەرلەردىكى تاغلار يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان بىلەن تولغان ئىدى. ئۇيسۇنلارنىڭ نوپۇس سانى 120 مىڭ ئائىلە ياكى 600 مىڭ جاندىن ئىبارەت بولۇپ، 188 مىڭ 800 ئەسكەر چىقىرالايدۇ. پايتەختى يەنى توغرىراغى، ئۇيسۇنلار باشلىقىنىڭ باش قارارگاھى چىگۇ شەھىرى (赤谷城) ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقىدا بولغانلىقى ئېھتىمال. چۈنكى، جۇڭگولۇقلار بۇ يەرنى ئاقسۇنىڭ غەربىي شىمالىدا 610 چاقىرىم يىراقلىقتا، پەرغانە پايتەختىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 2 مىڭ چاقىرىم

يىراقلىقتا، كانگۇي يەرلىرىنىڭ چېگرىسىدىن 5 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا، دەيدۇ. چىگۇ شەھىرى مىلادىنىڭ 7-ئەسىرىدە جۇڭگو ۋاڭلىقىنىڭ يۈرگەن يولىدا بەدەل داۋىنىدىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن بۇ سەپەر - يول ئومۇمەن بەك شۈبھىلىك بولۇپ، ئىككىنچى بىر جۇڭگوشۇناسنىڭ يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ چىقىشىغا بەك مۇھتاجدۇر. ئارىستوف ئەپەندىنىڭ چىگۇ شەھىرىنى پەقەت قىزىل سۇ ياقىسىغا جايلاشقان، دەپ ئىشەنچ قىلىشتىكى ئاساسىنى بىز بىلەلمىدۇق. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئارىستوفنىڭ ئۇيسۇنلارغا ئوخشىغان كۆچمەن خەلقنىڭ ئىمارەت ئىزلىرىنى بۈگۈنكى كۈندە ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنۇشى پۈتۈنلەي پايدىسىز ئىشتۇر، دېگەن پىكرىگە قوشۇلمايمۇ بولمايدۇ. ئىسسىق كۆل ياقىلىرىدا ياكى ئۇنىڭ تېگىدە ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى زامان يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيسۇنلارنىڭكى دەپ قاراشمۇ ــ ھازىر بىزدە شۇنداق دېيىلىدۇ ــ ئاساس يوق، ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆز ئىسمى تامامەن يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىسسىق كۆلدە شەھەر ۋە قەلئەلەرنىڭ بولغانلىغىنى كۆرمەكتىمىز.

مىلادىدىن 105 يىل ئاۋال ئەتراپىدا جۇڭگونىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن (张骞) ئۇيسۇنلارغا كېلىپ، ئۇلارنى شەرق تەرەپكە قايتا كۆچۈپ كېلىشكە ۋە جۇڭگولۇقلار بىلەن بىر ئىتتىپاق بولۇپ ھۇنلارغا قارشى كۈرەشنى يەنە باشلاشقا تەكلىپ قىلىدۇ. جاڭ چيەننىڭ پىلانى ئۇيسۇنلار ئارىسىدا ھېسداشلىق تاپمايدۇ، كۈنمۇنىڭ ئوردىسىدا بۇ ئەلچىگە قارىتا بولغان مۇئامىلىمۇ ئانچە ياخشى بولمايدۇ. لېكىن، جاڭ چيەنگە قوشۇپ ئۇنى ئۇزۇتۇشقا ئەۋەتكەن ئۇيسۇنلارنىڭ ئەلچىسى قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ باشلىقىغا جۇڭگو دۆلىتىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە سەلتەنىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ، كېيىن، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئابرويى ئۇيسۇنلار ئالدىدا بىر قەدەر ئۆستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ-چيەندىن كېيىنكى جۇڭگونىڭ غەرپ تەرەپكە بارىدىغان ئەلچىلىرى شەرقىي تۈركىستان ۋە پەرغانە ئارقىلىق يۈرىدۇ، نەتىجىدە مۇشۇنداق ئەلچىلەر ئالغاچ كېلىدىغان مول سوغا-سالاملاردىن ئۇيسۇنلار مەھرۇم قالىدۇ، شۇنداق سەۋەپلەردىن كۈنمۇ جۇڭگوغا يېڭىدىن ئەلچىلەر ئۆمىگى ئەۋەتىپ جۇڭگو مەلىكىسىنى ئۆز نىكاھىغا سورايدۇ. ئەلچىلەر بىلەن 1000 يىلقا يوللاپ، سۆزلىشىش ئۈچۈن سوغا -- سالام قىلىدۇ، كۈنمۇنىڭ ئىلتىماسى قانائەتلەندۈرۈلىدۇ. لېكىن مەلىكە كۈنمۇنىڭ كىچىك خوتۇنى قاتارىدا بولىدۇ، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ شۇ چاغلاردا ئۇيسۇنلارنىڭ قېرى پادىشاسىغا بەرگەن قىزى چوڭ خوتۇن دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. باشقىچە تۇرمۇش شارائىتىغا ئادەتلىنىپ ئۆسكەن مەلىكە دالا كۆچمەن تۇرمۇشىغا كۆنەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ مۇڭ - زارىنى قوشاقلار توقۇپ بايان قىلىپ: «ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇغقانلار، ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا، ئۆيلىرى يوغۇلاق كىگىز

ئوتاۋكەن، ئۇلارغا گۆش بىلەن قېتىق تائام - ئوزۇقكەن» دەيدۇ. جۇڭگولۇقلار پەرغانىغا ھۇجۇم قىلغاندا (ب. ي. 102 - يىلى)، ئۇيسۇنلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىلەك - ئارزۇسى بويىچە 2 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر چىقىرىپ، ئەھۋالنى كۈزىتىپ تۇرىدۇ، لېكىن ھەربىي ھەرىكەتلەرگە بىۋاسىتە ئارىلاشمايدۇ.

كۈنمو ئۆلۈش ئالدىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، مەلىكىگە كۈنمونىڭ نەۋرىسى ۋە ۋارىسى قۇنجۇمىغا (军须靡) گە تېگىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. قۇنجۇمىنىڭ ئۇنۋانى سېنزۇ (岑陬) ئىدى. مەلىكە كۈنمونىڭ ۋەسىيىتىگە ئۇنىمايدۇ، لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنى يەرلىك خەلق ئادىتىگە بويسۇنۇشقا ئۈندەيدۇ. سېنزۇدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ھۇن مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان نىمى (泥靡) ئىسىملىك كىچىك بالىسى قالىدۇ. نىمى يېشىغا توشقىچە، سېنزۇنىڭ ئەمەكە ۋەچچىسى ئۇنغۇمى (翁贵靡) ۋاقىتلىق تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئۇنغۇمى سېنزۇدىن تۇل قالغان جۇڭگولۇق مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ (بۇ، سېنزۇغا بېرىلگەن ئىككىنچى بىر مەلىكىدۇر، لى جاۋمەدىن تۇل قالغان مەلىكە بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى). ئۇنغۇمى، ئەھۋالغا قارىغاندا، تالانتلىق ھۆكۈمران بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە، ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى ياخشىلايدۇ. سىرتقا قارىتا، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنغۇمى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىپ تۇرۇپ، مىلادىدىن ئاۋالقى 71 - يىلىدا ھۇنلارغا قارشى غەلىبىلىك ھۇجۇم يۈرگۈزىدۇ. ھۇنلارنىڭ 40 مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئېلىپ، 70 مىڭ تۇياق مېلىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنغۇمى شەرقىي تۈركىستان ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ياركەندنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ قىزى كۇچارنىڭ ھاكىمىغا تۇرمۇشقا چىقىدۇ. ئۇنغۇمى مىلادىدىن ئاۋالقى 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا نىمى كۇاڭ ۋاڭ (狂王 قۇدرەتلىك خان دېگەن مەنىدە — ت) ئۇنۋانىدا ئولتۇرىدۇ.

كۇاڭ ۋاڭ ئۆزىدىن ئاۋالقى ئۇنغۇمىنىڭ تۇل خوتۇنىغا ئۆيلىنىدۇ. بۇ ئايالنىڭ يېشى چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ (50 ياشنىڭ ئۈستىدە)، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. لېكىن، كۇاڭ ۋاڭ خوتۇنى بىلەن ياخشى تۇرمايدۇ، خەلقمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چىگۇ شەھىرىگە جۇڭگودىن ئەلچىلەر كەلگەندە، بۇ خوتۇن ئەلچىلەرنى قۇتىرىتىپ بىر چوڭ مېھماندارچىلىق ئۆتكۈزۈشكە ۋە شۇ يەردە ئادەم تەييارلاپ قويۇپ، كۇاڭ ۋاڭنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ، لېكىن سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ، كۇاڭ ۋاڭ يارىلىنىپ ئاتلىق قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سى سەن سېمۇ (鸱靡?) ئەھۋالغا قارىغاندا، مۇشۇ خوتۇننىڭ ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدا بولۇپ قالغان چىگۇ شەھىرىنى ئەسكەر بىلەن قورشىۋالىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى دەرھال ئۆز ئەلچىلىرىنى

ئەيپلەيدۇ. ئۇلارنى جۇڭگوغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. يارىدارلانغان پادىشانى داۋالاش ئۈچۈن مەخسۇس تەۋىپ ۋە نۇرغۇنلىغان سوغا - سالاملار ئەۋەتىدۇ. پادىشانىڭ ھېلىقى خوتۇنىنى سوراق قىلغانىدا، ئۇ ئېرىنى بوينىغا ئالمايدۇ. خەلقنىڭ كۆڭ - ۋاڭغا بولغان نارازىلىقىدىن ئۇنغۇمىنىڭ ھۇنلاردىن ئالغان مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئۇيغۇت ( 乌就屠 ) پايدىلىنىپ، شىمال تەرەپتىكى ئالاتاۋ تاغلىرىغا چېكىنىۋالىدۇ. ھۇنلاردىن ياردەم كۈتمەكتىمەن، دەپ ئەتراپقا ئادەم توپلاپ، تۇيۇقسىزدىن كۆڭ ۋاڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۇيسۇنلار ئىچىدىكى ھۇن تەرەپدارلىرىنىڭ غەلىبە قىلىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا، يەتتە سۇغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە ھازىرلىق كۆرىدۇ. لېكىن، ئۇيسۇنلارنىڭ چوڭ بىر ئەمەلدارىغا تۇرمۇشقا چىققان بىر خەنزۇ ئايالنىڭ ۋاستىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئىككى تەرەپ سۈلھىگە كېلىدۇ. ئۇيغۇت كىچىك كۈنمۇ ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنغۇمىنىڭ ئوغلى يۈەنگۈي چوڭ كۈنمۇ دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. چوڭ كۈنمۇ 60 مىڭ ئائىلىنى، كىچىك كۈنمۇ 40 مىڭ ئائىلىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇت ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن جۇڭگو-لۇقلارغا قارشى ھەركەتنى ئوڭۇشلۇقراق بولىدۇ.

مۇنداق ئىككى ھاكىمىيەت نەتىجىسىدە، تەرتىپسىزلىكلەر ۋە ئۆز - ئارا نىزالارنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. يۈەنگۈينىڭ نەۋرىسى چوڭ كۈنمۇ سىلىمى ئىدارە قىلىپ تۇرغانىدا، ئۇنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەرتىپ مەلۇم مۇددەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئىدارە قىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، مەملىكەتتە ئۇنغۇمى زامانىدىكى «تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك» قايتا ئورنىدى. سىلىمى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئوتلاقلىرىدا ھېچقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مېلىنى باقماسلىق توغرىسىدا پەرمان جاكالىدى، مانا بۇنىڭ ئۆزى ئۇيسۇنلار مەملىكىتىدە كېيىن تۈركلەر ۋە موڭغۇللار قورۇق دەپ ئاتاپ كەتكەن مەنئى قىلىنغان ئوتلاقلارنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىسە كېرەك. سىلىمى كىچىك كۈنمۇ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قاتىلنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. بۇ ۋەقەدىن سوڭ، جۇڭگولۇقلار سىلىمىنىڭ نەۋرىسى ئىچەمىنى تەختكە چىقاردى. ئىچەمى جۇڭگولۇق مەلىكىدىن تۇغۇلغان ئىدى. چوڭ كۈنمۇ بىلەن كىچىك كۈنمۇ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەردە جۇڭگولۇق-لار ئومۇمەن چوڭ كۈنمۇ تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنى ياقىلاپ كەلدى. كىچىك كۈنمۇ ئەنلىمى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئورنىدىن چۈشۈرۈلۈپ، ھۇنلار تەرىپى-دىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭگو تەرەپ ئادەم ئولتۇرغۇزغانىدىن كېيىن (مىلادىيىن 11 يىل ئاۋال)، ئۇنىڭ تاغىسى بىخىۋ ئانىجى 80 مىڭ ئادىمى بىلەن شىمال تەرەپكە - جۇڭگولۇقلارغا كېتىدۇ. ئۇ ئۇ يەردە تۇرۇپ ھەر ئىككى كۈنمۇغا ھۇجۇم

www.uyghurkitap.com

قىلىنىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى كۈنىدۇ جۇڭگو بىلەن تېخىمۇ زىچ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ئىچكى مىلادىيىدىن بىر يىل ئاۋال جۇڭگونىڭ پايتەختىگە كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردە چوڭ تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ پايتەختىگە ھۇنلارنىڭ تەكشۈرۈقچىمۇ كېلىدۇ. بىراق ئانچە ئاخىرىدا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ «ئەتەيىتەن قىلىنمىغان ھۇجۇمى» نەتىجىسىدە ھالاك بولىدۇ (ئەھۋالغا قارىغاندا، مەخسۇس ئېۋەتىلگەن قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېھتىمال).

مىلادىنىڭ 8 - يىلى، شەرقىي تۈركىستان قايتىدىن ھۇنلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ «غەربىي رايون» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توختاپ قېلىپ، مىلادىنىڭ 73 - يىلىدىلا يېڭىدىن باشلىنىدۇ. مىلادىنىڭ 97 - يىلى لەشكەر بېشى بەنچاۋنىڭ ئېۋەتكەن قوشۇنلىرى كاسپىي دېڭىزىغىچە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ ۋەقەلەر يەنە سۇغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن بولۇشى كېرەك. يەنە سۇنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى تارىخىغا ئائىت قولىمىزدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ يەردىكى گەپ: ئۇيسۇنلار 2 - ئەسىردە جۇڭگودىن «پۈتۈنلەي ئاجراپ كەتتى» دېمەكتىنلا ئىبارەت. ھۇنلارنىڭ موڭغۇلىيىدىن غەربكە كۆچۈپ يەنە سۇدىن ئۆتكەندىكى ھەركەتلىرى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. غەربكە يۆتكىلىش مىلادى 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئالغان ئىدى. 2 - ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن كېيىن جۇڭگو تارىخىدا قالايمىقانچىلىقلار باشلىنىپ، غەربىي رايون بىلەن بولغان مۇناسىۋەت 5 - ئەسىرگە قەدەر ئەسلىگە كەلمەيدۇ.

موڭغۇلىيىدە ھۇنلارنىڭ ئورنىنى شيەنبىلەر ئىگىلەيدۇ. شيەنبىلەر تۇنغۇسلاردىن كېلىپ چىققان خەلق بولۇشى ئېھتىمال. شيەنبىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى تەنشىخەي مىلادىنىڭ 181 - يىلى ئۇيسۇنلارغا قەدەر بولغان غەربتىكى ھەممە يەرلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. شيەنبىلەرنىڭ ئىككىنچى بىر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى يۈي لۈي 郁闾 4 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، «ئۇيسۇنلارنىڭ قەدىمقى يەرلىرىنىمۇ» ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 6 - ئەسىرنىڭ يېرىمىغا قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرىنچى ئورۇندا جۇجانلار تۇرىدۇ. جۇجانلارنىمۇ ئادەتتە تۇنغۇسلاردىن كېلىپ چىققان خەلق، دەپ ھېساپلايدۇ. جۇجانلارنىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە ئۇيسۇنلار يەنە سۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدىن تىيانشان تاغلىرىغا تولۇق كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 425 - يىلى غەرب تەرەپتىكى بەزى ھۆكۈمرانلار، جۈملىدىن ئۇيسۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانىمۇ شىمالىي جۇڭگوغا ئەلچىلەر ئېۋەتىدۇ.

شىمالىي جۇڭگودا ئۇچاغلاردا يۈەن ۋېي ياكى بېي ۋېي (元魏或北魏) نامىدىكى شيەنبى سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرەتتى، مۇشۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ غەربتىكى خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

436 - يىلى، ئۇيسۇنلارغا جۇڭگو تەرەپتىن ئەلچىلەر ئەۋەتىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇيسۇنلار ھەر يىلى جۇڭگوغا سوغا — سالاملار بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. مانا مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، تارىختا ئۇيسۇنلارنىڭ نامىنى مۇستەقىل بىر خەلق سۈپىتىدە يولۇقتۇرمايمىز. مەلۇمكى، بۇ ئىسىم چوڭ قازاق - قىرغىز ئوردىسىدا ① ئۇسۇن ② نامىدا ساقلىنىپ كەلگەن.

## II

## تۈركلەر

ئوتتۇرا ئاسىيادا 6 - ئەسىردە يېڭى كۆچمەن ئىمپېرىيە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. يېڭى ئىستىلاچىلار ئالتايدىن چىققان تۈركلەر بولۇپ، ئازغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇلۇغ ئوكياندىن قارا دېڭىزغىچە بولغان جايلاردىكى بارلىق خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىنى سالغان ئادەم ئىلىخان تۇمىن بولۇپ، ئۇ 553 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

581 - يىلى تۇبو خان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىمپېرىيە شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى دۆلەت بولۇپ بۆلۈنىدۇ. غەربىي تۈركلەرنىڭ مەركىزى بۇرۇنقى ئۇيسۇنلارنىڭ يېرى يەتتە سۇ بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا شۇنىڭدىن كېيىن تەشكىل بولغان كۆچمەن دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ مەركىزى يەتتە سۇ بولغان. يەتتە سۇ تارىخىدا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقتى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. كۆچمەن ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزى تۈزلۈك دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرىنى ئۆزىگە دائىم جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان چوڭ كۈچ بولغان. بۇ سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى، بولۇپمۇ

---

① «چوڭ قازاق - قىرغىز ئوردىسى»، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ «چوڭ يۈز» (ئۇلى جۈز) دەپ ئاتىلىدۇ.

② «ئۇسۇن» نى «ئۇيسۇن» سۆزى بىلەن بىرگەپ، دەپ تەكلەشتۈرۈش تالاشتا قالغان مەسىلىدۇر. ئارىستوف «ئېتنىقلاش تەجرىبىلىرى»، «ئېتنىك تەركىپ» دېگەن ئەسەرلىرىدە «ئۇسۇن» سۆزىنى قىرغىزلار بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئارىستوف: ئۇسۇنلار مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئاۋال تىيانشان تاغلىرىغا كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ خېلى چوڭ قىسمىنى يېنىسەي قىرغىزلىرى تەشكىل قىلغان ئىدى، دەپ تەخمىن قىلىدۇ. «ئۇسۇنلارنىڭ خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلىدىغان ھەقىقى ئىسمى قىرغىزدۇر»، دەپ ھېساپلايدۇ. ئارىستوفنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ تەپسىلى ئاساسلىرى ئۇنىڭ «غەربىي تىيانشان» دېگەن ئېلان قىلىنمىغان قوليازمىسىدا كۆرسىتىلگەن. بۇ قوليازما «سوۋېت ئىتتىپاقى جۇغراپىيە جەمئىيىتى» نىڭ ئارخىۋىدا ساقلانماقتا. (و. ز.)

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو ۋە غەربىي ئاسىيادىن كۆچمەنلەرگە ئېلىپ كېلىنىدىغان ئاساسلىق مال بولغان گەزمالنى بۇ يەردە چوڭ پايدا بىلەن ساتقان. 7 - ئەسىردە پەرغانىدە جاڭجاللار چىقىپ بىر قانچە ئون يىللارغا سوزۇلىدۇ؛ بۇ ۋەزىيەت غەربىي ئاسىيادىن جۇڭگوغا بارىدىغان ئاساسىي سودا يولىنىڭ شىمال تەرەپكە يۆتكىلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ساياھەتچىلەر سەمەرقەنتتىن غەربىي شىمالغا تاشكەنت ۋە ئەۋلىيا ئاتا ئارقىلىق ئۆتۈپ، پەرغانە ۋە قەشقەرگە كىرمەستىن يەتتە سۇ ۋە چۇدەرياسىنىڭ بويلىرىغا كېلىدۇ؛ ئۇ يەردىن ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي ساھىلىنى بويلاپ مېڭىپ، بەدەل داۋانىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا كېلىدۇ. بۇ يول بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، بىرىنچى قېتىم 7 - ئەسىردىكى بۇددا دىنى ئەربابى شۈەنجۇاڭنىڭ يازغانلىرىدا كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە جۇڭگونىڭ «تاڭ سۇلالىسى تارىخى» دا يېزىلىدۇ. «تاڭ سۇلالىسى تارىخى» 11 - ئەسىردە يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى غەربىي رايونغا ئائىت كۆرسىتىلگەن ۋەقەلىكلەر 7 — 8 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇقتۇر. جۇڭگولۇقلارنىڭ يوللىرىدا يەتتە سۇ ئارقىلىق ئۆتكەندىكى تەپسىلاتلارنىڭ بايانىنى بىز تاپالايمىز. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرى يەتتە سۇدا، ھېچبولمىغاندا چۇدەرياسىنىڭ ۋادىسىدا 8 - ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا يېزا ئىگىلىكىدە تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ زىرائەت بۇ يەرلەرگە ماۋارا ئۈننەھىر (ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريا ئارىلىقىدىكى مەدەنىي ئۆلكە) دىن كۆچمەنلەر تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ يەردىن كەلگۈچىلەر يېقىنقى زامانلاردا قوقەند خانلىقىدىن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانلارغا ئوخشاشلا بولغان. شۇ چاغدا ئامۇ دەريا بىلەن چۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرلەر مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان؛ ئاھالىنىڭ كىيىم - كېچىكى، خەت - يېزىقى، تىلى ھەممىلا يەردە ئوخشاش بولغان. ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن ئىبارەت بولغان. بۇ ئېلىپبەنىڭ سۈرىيەدىن كېلىپ چىققانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. يېزىق يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارىتا يېزىلىدىغان بولغان. تارىخىي ئەسەرلەرمۇ ۋۇجۇتقا كەلگەن. كۆپرەك تارقالغان دىن مانى دىنى ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. ئاھالىنىڭ تاشقى قىياپىتى ھەققىدە: چاچلىرىنى بىرىكتۈرۈپ يۆگەپ تۆپىسىنى ئوچۇق قالدۇرىدۇ، بەزى بىرلىرى چاچلىرىنى تولۇق قىرىپ چۈشۈرىدۇ، پېشانىسىنى يىپەك ياغلىق بىلەن باغلايدۇ، دېيىلىدۇ. ئاھالىنىڭ يېرىمى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يېرىمى سودا — سېتىق بىلەن مەشغۇل بولغان. سودا مەركىزى «چۇ دەرياسى بويىدىكى سۇيىبە شەھىرى» بولغان. بۇ شەھەر كېيىنكى مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە سۇيئاب نامىدا يۈرگۈزۈلۈپ، كاستېك داۋىنىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دەپ كۆرسىتىلىدۇ. سۇيئاب شەھىرىدە 7 - ئەسىردە تۈرلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ياشىغان. بۇ شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر قانچە ئونلىغان شەھەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەرقايسىنىڭ ئايرىم، بىر - بىرىدىن مۇستەقىل ھاكىملىرى

بولغان، لېكىن، بۇ ھاكىملارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرگە بويسۇنغان.

سۈيئاپ شەھرىنىڭ ئەتراپىدا ئادەتتە غەربىي تۈركلەر خاقانىنىڭ ئوردىسى جايلىشىپ كەلگەن. مانا مۇشۇ يەردە شۈەن جۇاڭ شۇ خاقانلارنىڭ بىرى بىلەن كۆرۈشكەن. خاقانىنىڭ ئۈچىسىدا يېشىل يىپەك تون بولغان، ئۇنىڭ چاچلىرى قويۇپ بېرىلگەن، بېشىنى ئون فوت ئۇزۇنلۇقتىكى يىپەك رەخ بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئوراپ، پېشانىسىنى يەرلىك ئاھالىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ قاپلاپ قويغان. خاقانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملىرى خاقاندىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، چاچلىرىنى ئۆرۈپ قويغان. خاقان ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەن چېدىردا تۇرغان. چوڭ ئەمەلدارلار يىپەك كىيىملەر كىيىپ بۇ چېدىرغا سېلىنغان كىگىزلەر ئۈستىدە ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇرغان، ئۇلارنىڭ كەينىدە خاقانىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تۇرغان. «كىگىز چېدىردا تۇرىدىغان بۇ ئادەم گەرچە چەتئەل پادىشاسى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەئەججۈپ ۋە ھۆرمەت بىلەن قارىماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى». شۈەن جۇاڭ چېدىرغا 30 قەدەم قالغاندا، خاقان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ تازىم قىلىپ، تەرجىمان ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىر قانچە سوئال قويغان ۋە مېھمانىنىڭ ئولتۇرۇ-شىغا تۆمۈردىن ياسالغان ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىغان. شۈەن جۇاڭنىڭ ئىزاھلىشىچە، تۈركلەر ئوتقا چوقۇنار ئىكەن ۋە ياغاچ تەركىۋىدە ئوت بار دەپ چۈشىنىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇلار ياغاچتىن ياسالغان ئورۇندۇقلارنى ئىشلەتمەس ئىكەن. چېدىردا جۇڭگودىن ۋە گاۋچاڭدىن (يەنى ئۇيغۇر يېرىدىن، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇل شەھەرلىرى جايلاشقان يەرلەردىن) كەلگەن ئەلچىلەرمۇ بولغان، مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە چوڭ زىيا-پەت باشلىنىدۇ. مۇزىكا ئۆز ئاۋازىنىڭ ياتلىغىغا قارىماستىن «قۇلاقنى لەززەتلەندۈرۈپ، جاننى راھەتلەندۈرۈپ، كۆڭۈلنى خۇش قىلغان». مېھمانلارغا گۆش تارتىلىپ، شاراپ تەقدىم قىلىنغان. شۈەن جۇاڭغا كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان تائام بىلەن سۈت قۇيۇلغان. زىياپەتتىن كېيىن، شۈەن جۇاڭ خاقانىنىڭ تەكلىۋى بىلەن بۇددا دىنى روھىدا ۋەز - نەسىھەت قىلغان. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خاقان قولىنى كۆتۈرۈپ تازىم قىلىپ، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغان. شۈەن جۇاڭ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىشكە ھازىرلانغاندا، خاقان ئۇنىڭغا چاڭئەن شەھرىدە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ خەنزۇچە ياخشى سۆزلەشنى ئۆگىنىپ ئالغان ياش بىر ئادەمنى ھەمرالىققا قوشۇپ بەرگەن.

خاقان شابولوخىلىشى (634 — 638) ۋاقتىدا، غەربىي تۈركلەرنىڭ خەلقى ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەن. ئۇلارنىڭ بەشى چۇ دەرياسىنىڭ غەربىگە، قالغان بەشى شەرق تەرىپىگە جايلىشىپ ئولتۇرغان. غەربتىكىلەرنى خوشبى، شەرقتىكىلەرنى دۇلۇ دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، غەربىي تۈرك ئىمپېرىيىسى ئىلى دەرياسىنى ئۆز ئارا چېگرا قىلغان ھالدا ئىككى دۆلەت

www.uyghurkitap.com

بولۇپ بۆلۈندى. ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى جەمەتنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە جېدەل ماجىرالار دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ماجىرالارغا جۇڭگولۇقلار ئارىلىشىدۇ. بەزى بىر خاقانلار بۇ ئىككى دۆلەتنى ئاز ۋاقىت بولسىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. مەسىلەن، خاقان ئاشىنا خېلۇ 651 - يىلى شۇنداق قىلغان. 657 - يىلى جۇڭگولۇقلار غەربىي تۈركلەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇردى. بۇنىڭدىن چارەك ئەسىر ئاۋال شەرقىي تۈرك دۆلىتىنى بويسۇندۇرغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە تۈركلەرنىڭ باشلىقلىرى جۇڭگونىڭ ھەر خىل ئۇنۋان، مەنسەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگونىڭ ۋاسسىيلىرى دەپ ھېسابلاندى. بەزى چاغلاردا تۈركلەرنىڭ باشلىقلىرى جۇڭگولۇقلارغا قارشى قوزغىلىپ، شۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسمىنى ئىگەللەپ تۇرغان جۇڭگوغا قارشى تىبەتلىكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. 704 - يىلى، خاقان ئاشىنا خۇئەيداۋ بارلىق ئون قەبىلىنى قايتىدىن بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىگە بويسۇندۇردى. لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئاشىنا سىنىڭ قولان شەھىرىدە ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن غەربىي تۈركلەرنى باشقۇرۇپ كەلگەن جەمەتنىڭ ئۇرۇغى ئۈزۈلۈپ قالدى (740 - يىل ئەتراپىدا).

بۇنىڭدىن ئەۋەلرەك، چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئوتتۇرىسىدا كۆچۈپ يۈرگەن دۇلۇ قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى بولغان تۈركەشلەر كۈچىيىدۇ. بۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ باش ئوردىسى سۇيئاپ شەھرىدە، كىچىك ئوردىسى بولسا ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدا بولىدۇ. تۈركەش قەبىلىسى باشلىقلىرىدىن ئەڭ كۈچلۈكى سۇلۇ بولغان (بۇ 738 - يىلى ۋاپات بولغان). سۇلۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئاشىنا خۇئەيداۋ باشقۇرۇپ تۇرغان پۈتۈن غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ سەلتەنىتىدىنمۇ ئەمەلىيەتتە ئېشىپ چۈشكەن. ئاشىنا خۇئەيداۋ سۇلۇغا ئۆزىنىڭ قىزىنى بەرگەن. سۇلۇ بۇنىڭدىن باشقا شەرقىي تۈرك خاقانلىرى بىلەنمۇ، تىبەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەنمۇ تۇغقانچىلىقتا مۇناسىۋەتتە بولغان. سۇلۇ 738 - يىلى تۈركەشلەرنىڭ مۇخىي داغان ئۇنۋانىدىكى ئىككىنچى بىر باشلىقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. تەختكە سۇلۇنىڭ ئوغلى كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن، مۇخىي داغان پەرغانە ۋە تاشكەنت ھاكىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنى سۇيئاپ شەھرى يېنىدا تار - مار كەلتۈرۈپ ئەسىر ئالىدۇ. 740 - يىلى مۇخىي داغان بارلىق تۈركەشلەرنىڭ باشلىقى بولىدۇ ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى خاقانىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، لېكىن مۇخىي داغاننىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ، جاڭجيال چىقىدۇ. 748 - يىلى، جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نائىبى ۋاڭ جېڭ شيەن سۇيئاپ شەھرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى تولۇق خانىۋەيران قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە تۈركەشلەر بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. يەتتە سۇنىڭ غەربىي قىسمى ئەمەلىيەتتە تالاس شەھرىگە تەۋە بولىدۇ؛ تالاس بولسا تاشكەنت ھاكىمىگە بويسۇنىدۇ، بۇ جايدىكىلەرنىڭ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان

ئۆز ئارا جېدەللىرىدىن قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىنى جۇڭگونىڭ يىلنامە يازغۇچىلىرىنىڭ: «بۇ يەردە دىخانلار ساۋۇت كىيىپ يۈرىدۇ ۋە بىر-بىرىنى ئەسىرگە تۇتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

غەربىي تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىتىلىشى ئەرەبلەرنىڭ ماۋارائۇننەھردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن كۆپ ياردەم بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئەرەبلەرنىڭ يىلنامە يازغۇچىلىرى بۇ ئىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئەرەبلەر غەربىي تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىتىلىشىنى ھىجرى 119 -- (مىلادى 737 --) يىلىدا يۈز بەرگەن ۋەقە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ (تابارىنىڭ) يېزىشىچە، ئاخىرقى تۈرك خاقانى نەۋاكەت شەھىرىدە تۇرغان (بۇ شەھەر چۇ دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا، توقماق شەھرىنىڭ شەرقىدە)، بۇ يەردە خاقاننىڭ باشقىلار ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئوتلاق ۋە تاغلىرى بولغان. بۇنىڭغا يېقىن كېلىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ ئوتلاقلاردىكى ماللار ۋە تاغلاردىكى ياۋا قۇشلار سوقۇش بولۇپ قالغان تەقدىردە ئوزۇق -- تۈلۈك قىلىنماقچى بولغان. خاقان ئەرەبلەرگە نۇرغۇن زىيانلار كەلتۈرگەن. شۇڭلاشقا، ئەرەبلەر ئۇنىڭغا «ئەبۇ مۇزاھىم» («ئۈسكۈچى، ئىتتىرگۈچى» يەنى ھۆكۈز ياكى پىل) دەپ لەقەم بەرگەن، توخارىستان (ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا، بەلخنىڭ شەرقىدىكى يەرلەر) دا بولغان بىر جەڭدە تۈركلەر ئەرەبلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. خاقان يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، تۈركەشلەرنىڭ باشلىقى قۇرسۇل تەرىپىدىن شەخسىي ئاداۋەت بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇندىن كېيىن تۈركلەر تەرەپمۇ -- تەرەپ چېچىلىپ كۆچۈپ كېتىدۇ. قېرىپ قالغان قۇرسۇلنىڭ ئۆزى 739 -- يىلى ئەرەبلەر تەرىپىدىن سىر دەرياسى بويىدا ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. تۇتقۇندىن بوشىتىلىش شەرتى بىلەن ئەرەبلەرگە مىڭ ئات، مىڭ تۆگە بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن، ئەرەبلەرنىڭ نائىبى ناسىر بۇنىڭغا قارىماستىن، ئۇنى يەنىلا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. قۇرسۇلنىڭ جەسىدىنى تۈركلەر يۇرتىغا ئېلىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئەرەپ تارىخچىلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ ۋەقە تۈركلەرنى قۇرسۇلنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ ئارتۇغراق غەمگە سالىدۇ. ئەرەپ ۋە جۇڭگو مەلۇماتلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى پارچە - پۇرات بولۇپ، ئۇنىڭ راسلىقىغا گۇمان بولغاچقا، ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرۇشتىن ئۆزىمىزنى توختىتىشنى ئەۋزەل كۆردۇق.

× × ×

---

ئىزاھات:

تۈركلەر ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتنى ئېلىكنىڭ بىچۇرىن توپلىغان جۇڭگونىڭ تارىخىي مەلۇماتلىرىدىن باشقا، شۈەن جۇاڭنىڭ ساياھىتى ھەققىدە يېزىلغان نەرسىلەردىن كۆرىمىز، بۇ دىنىي ئەرباپنىڭ تەرجىمىھالىدىن كۆرىمىز، يەنە ۋىزانتىيە ئەلچىلىرىنىڭ يازغانلىرى...

دىن تاپىمىز. بۇ ئەلچىلەرنىڭ يازغانلىرى ھەققىدە بىز بۇ يەردە توختالمىدۇق. چۈنكى بۇ ئەلچىلەر يەتتە سۇ ئارقىلىق ئۆتكەن بولىدۇ، يەتتە سۇ ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە ۋىزانتىيىلىكلەر بەزى بىر قىزىقارلىق نەرسىلەرنى مەلۇم قىلىدۇ. ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ بۇ ماتېرىياللىرى رۇس تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنغان. بۇنى د. ئى ئىلوۋايىسكىينىڭ «ئىزدىنىش» دېگەن كىتابىدىن كۆرگىلى بولىدۇ [ كيۇنېرنىڭ «جۇڭگو مەلۇماتلىرى» دېگەن كىتابىغىمۇ قاراڭ. 182 — 194 - بەتلەر ].

III

## قارلۇقلار

جۇڭگو، ئەرەب، پارس مەنبەلىرى غەربىي تۈرك ئىمپېرىيىسى يوقالغاندىن كېيىنكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ گۇرۇپپىلىشىشلىرى ھەققىدە خېلى دەرىجىدە ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىنى سالغان قەبىلىلەر تۈرك نامىدىن باشقا، يەنە ئوغۇز ياكى توققۇز ئوغۇز دېگەن ئومۇمىي ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. جۇڭگو مەلۇماتلىرىدا غەربىي تۈركلەر ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەن، دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، شەرقتىكى ۋە غەربتىكى تۈركلەرنىڭمۇ ئوغۇز ياكى توققۇز ئوغۇز (توققۇز نەپەر ئوغۇز) دېگەن ئومۇمىي ئىسمى بولغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ يىراق قىسمىدا دۆلەت تىكلىگەن شاتو تۈركلىرىنى (دالا تۈركلىرىنى) جۇڭگولۇقلار غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدىگە كىرگۈزمەيدۇ. ئەرەبلەرگە مانا مۇشۇ تۈركلەر توغۇز غۇز يەنى توققۇز ئوغۇز نامىدا مەلۇمدۇر. ئوغۇزلارنىڭ يەنە بىر باشقا تارمىقى غەرپ تەرەپكە كۆچۈپ بېرىپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنى مەركەز قىلغان دۆلەتنى بەرپا قىلغان. ئوغۇزلارنىڭ يەتتە سۇدا بولغانلىقىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە بىر ھېكايە ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا قارىغاندا، يافەسنىڭ ئوغلى بولغان ئەپسانىۋى تۈركنىڭ تۇرغان جايى ئىسسىق كۆل ياقىلىرى بولغان ئىكەن.

يەتتە سۇدا تۇخسى، ئاز دېگەن قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن پەقەت تۈركەشلەرلا قېپقالغان (بۇ ئىككى ئۇرۇقنىڭ ئىسىملىرىنىڭ تەلەپپۇزىدا گۇمان بار: «ئاز» دېگەن ئۇرۇق ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بايان قىلىنغان ئاز خەلقى بولۇشى مۇمكىن). 8 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، يەتتەسۇدىكى يېتەكچى ئورۇن قارلۇق خەلقىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ خەلقنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى ئالتايدىن كۆچۈپ كېلىدۇ (8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارلۇقلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارىدۇ). 766 - يىلى،

سۈيئاپ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پايتەختىنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرىدۇ. قارلۇقلارنىڭ پادىشاسى جابغۇ ئۇنۋانىدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئورخۇن ئابىدىلىرىدە دائىم يولۇقىدىغان يابغۇ ئۇنۋانى بىلەن بىر ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق. شۇنداق قىلىپ، تۈرك ئىمپېرىيىسى يىقىلغاندىن كېيىنمۇ، يەتتەسۇ تۈرك خەلقلىرىنىڭ قولىدا قېلىۋەردى. ئەرەبلەر تەرىپىدىنمۇ، جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىنمۇ ئىشغال قىلىنمىدى. جۇڭگو-لۇقلارنىڭ غەربىي تۈركىستان ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىشلىرى ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ لەشكەر باشلىقى زىيادىبىن سالىخ تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە يولۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن توختالدى. ئەرەبلەر 8-ئەسىر ئاخىرىدا قارلۇقلارنى پەرغانىدىن سىقىپ چىقىرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. شەرقىي شىمال تەرەپتە مۇسۇلمان ئىستىلاچىلىرى تالاسنىڭ نېرىسىغا ھېچقاچان ئۆتمىگەنلىكلىرى مەلۇم.

تۈركلەرنىڭ تەقدىرىگە مۇسۇلمانلارنىڭ قورال كۈچلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە قارىغاندا، سودا مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ تېچ ئۇسۇلدا تارىلىشى چوڭراق تەسىر كۆرسەتتى. ماۋارائۇننەھر خەلقى سودا-سېتىق ئىشلىرىغا ئۇستا بولۇش بىلەن دائىم پەرقلىنىپ تۇردى، ئۇلار ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈرلۈك ئورۇنلىرىدا سودا قىلىدىغان جايلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. سوغدىلىقلارنىڭ سودا-سېتىق ئېلىپ بارىدىغان جايلىرى قاتارىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ يىراق قىسمى بولغان توققۇز ئوغۇزلار يەرلىرىمۇ بار ئىدى. يەتتەسۇدا سوغدىلىقلارنىڭ بەزى بىر روللارنى ئوينىغانلىقىنى 10-ئەسىردىكى ئىرانلىق جۇغراپىيە ئالىمىنىڭ سۆزىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، كاستېك داۋىنىنىڭ شىمالىدىكى بەكلىك (ئىككىنچى بىر تۈرلۈك تەلەپپۇز بىلەن بەكلىلىك) يېزىسى سوغدا تىلىدا سەمەكىنىيا ئىسمى بىلەن يۈرگۈزۈلگەن. سودىگەرلەر كەينىدىن ماۋارائۇننەھردە تارقالغان ھەرخىل دىنلارنىڭ مىسسىئونېرلىرى ئەگىشىپ كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە نېستورىيان ئېتىقادىدىكى خرىستىيانلارمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، تۈركىستاننىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە ئۇلارنىڭ چېركاۋلىرى بولغان، يەتتەسۇدىكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ بىرسى — ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا ياشىغۇچى چىگىللەر ئارىسىدا خرىستىيان دىنىدىكىلەر بار ئىدى، دەيدۇ. مۇسۇلمان ئاپتورلىرى غەربىي ئاسىيادىن يەتتە سۇ ئارقىلىق جۇڭگوغا بارىدىغان يولنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، بۇ يول ئۈستىدىكى بىر قانچە شەھەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بۇ شەھەرلەر ئىسمىنىڭ تەلەپپۇزىدا كۆپىنچە گۇمان بار. پىشپەك شەھىرىنىڭ يېنىدا جۇل نامىدا (بەلكى تۈركچە دالا مەنىسىدىكى چۆل بولۇشى مۇمكىن) شەھەر بار ئىدى (ئالامىدىن يېزىسىنىڭ ئورنى بولۇشى ئېھتىمال). بۇيەردە تاراز (تالاس، ئەۋلىيا-ئاتا) دىن كەلگەن يول ئاخسىكەتتىن (نەمەنگان ناھىيىسىدىن قاراقول داۋىنى

ئارقىلىق ) كەلگەن يولغا قوشۇلىدۇ . چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى چوڭ سودا - سېتىق شەھىرى
ناۋاكەت ياكى نۇشكەت شەھىرى ئىدى . بۇ يەردە يول ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىرسى جىل
ئارىق سايى بىلەن ئىسسىق كۆل ياقىسىغا بارىدۇ ، ئىككىنچى يول شىمال تەرەپ بىلەن
سۈيئاپ شەھىرىگە بارىدۇ ، جۇل شەھىرى بىلەن ناۋاكەت شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 15 فەرساخ
( 90 چاقىرىم چامىسىدا ) كېلىدۇ، شۇڭلاشقا ناۋاكەت شەھىرىنى چۇ دەرياسىنىڭ سول تەرەپ
قىرغىقىنى بويلاپ ماڭىدىغان يولنىڭ قارا بۇلاققا ئاجراپ كېتىدىغان يېرىدە، دەپ مۆلچەرلەش
تۇرۇش مۇمكىن . مۇشۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى قارلۇقلارغا تەۋە ئىدى . ئىسسىق كۆلنىڭ
ياقىلىرىدىنىڭ كۆپ قىسمى قارلۇقلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان چىگىل خەلقىنىڭ يېرى ئىدى .
ناۋاكەت بىلەن ساي ئارىلىقىدا كېرمىنكەت ( ئىككىنچى تۈرلۈك تەلەپپۇزى كومبىركېت)
نامىدىكى سودا - سېتىق يېزىسى بار ئىدى ، بۇ يېزا قارلۇقلار ئۇرۇغىدىن بولغان
لابان دېگەن خەلقنىڭ ئىدى ، بۇلارنىڭ كۆتۈرگىنى -- لابان ئۇنۋانىدىكى باشلىقى
بولىدىغان ، ساينىڭ شۇ چاغدىكى نامى جىل ئىدى . تارىخچى گاردىزى بۇ
سۆز " تار " دېگەن مەنىدە ، دەپ ئەسكەرتىدۇ . بۇ سايىنىڭ 12 فەرساخ
جەنۇبىدا يار دېگەن شەھەر بولۇپ ، بۇ يەر تېگىن ئۇنۋانىدىكى چىگىل
ھۆكۈمرانىنىڭ پايتەختى ئىدى . بۇ شەھەر 3 مىڭ نەپەر ئەسكەر چىقىرالايدۇ .
بۆكۈرسىتىلگەن ئارىلىقلارغا قارىغاندا ، شەھەر ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولغان
بولىدۇ . چۈنكى ، كۆلنىڭ ئۆزى يولنىڭ سول تەرىپىدە قالىدۇ . يار شەھىرىدىن 5 فەرساخ
يىراقلىقتا تون دېگەن شەھەر بولغان. بۇ شەھەر شۇ نامدىكى بىر ئېرىق سۇنىڭ ۋادىسىدا
بولغان بولۇشى كېرەك، چۈنكى ھازىرمۇ بۇ يەردە نۇرغۇن خارابىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .
تون شەھىرىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا بارسغان شەھىرى جايلاشقان . بۇ ئىككى شەھەر
ئارىلىقىدا چىگىللەرنىڭ چېدىرى يولۇقۇپ تۇرغان . بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى بارساكاۋۇن
ئىسىملىك كىچىك بىر دەريانىڭ نامىدا ساقلىنىپ قالغانلىقى ئېھتىمال قىلىنىدۇ .
جۇغراپىيە ئالىمى قۇدامىنىڭ يېزىشىچە ، بۇ شەھەر 4 چوڭ ۋە 5 كىچىك
كەنتتىن ئىبارەت بولۇپ ، شەھەرنىڭ ھاكىمى مانىكا ئۇنۋانىدا، ئىككىنچى
بىر مەلۇماتقا قارىغاندا ، تېبىن - بارسغان ئۇنۋانىدا بولغان . بۇ شەھەر 6
مىڭ ئەسكەر چىقىرالايدىغان ئىكەن . 10 - ئەسىردىكى پارس جۇغراپىيە ئالىمىنىڭ سۆزىچە،
بارسغاننىڭ داناكاسى قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئاھالىسى
توققۇز ئوغۇزلارغا قاراپ كەتكەن . شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى
سودا ئالاقىسىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە بۇ شەھەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار ئىدى . تۈركلەرنىڭ
شەجەرىسى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردا ، تۈركنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە بىرسىنىڭ ئىسمى بارسغان ئىكەن .

بارسغان شەھرىگە پەرغانىدىكى ئۆزگەنت شەھرىدىن ياسا ( جاسا ) داۋىنى ،

ئارپا ۋادىسى، قارا قويۇن، ئاتباشى، نارىن دەريالىرىنىڭ ۋادىسى ئارقىلىق تۇغرا يول كەلگەن. قارا قويۇننىڭ ئاتباشىغا قوشۇلغان يېرىدە دۆڭدە ئاتباشى شەھىرى (ھازىرقى قوشۇي قورغان خارابىسى) جايلاشقان. پەرغانىدىن، بارسخاندىن ۋە تىبەت يەرلىرىدىن (شەرقىي تۈركىستاندىكى) چېگرىسىدىن ئاتباشى شەھىرىگە قەدەر بولغان ئارىلىق ئوخشاش (6 كۈنلۈك يول) بولغان. تىبەت يەرلىرىگە بولغان يول تورۇغات داۋىنى ئارقىلىق بولغانلىقى ئېھتىمال قىلىنىدۇ. ئاتباشى بىلەن بارسخان ئارىلىقىدا بىرمۇ يېزا بولمىغان. يەتتە سۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ياغما خەلقى (توققۇز ئوغۇز خەلقىنىڭ ئالدىنقى تارمىقى) ياشىغان. ياغمىلارغا قەشقەرمۇ قارىغان. قارلۇقلار بىلەن ياغمىلارنىڭ چېگرىسى نارىن، دەپ ھېسابلانغان.

بارسخان شەھىرى بىلەن ناۋاكەت شەھىرى ۋە سۇيئاپ شەھىرى ئارقىلىق ئايلانما يول ئارقىلىق تۇتاشقان. سۇيئاپ شەھىرى چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۈرگەشلەر يېرىگە، تاغ ئېتىكىگە، ناۋاكەت شەھىرىدىن 3 فەرساخ يىراقلىقتا جايلاشقان، ئورنى ھازىرقى قارابۇلاق يېزىسى بولۇشى ئېھتىمال. سۇيئاپنىڭ ھاكىمى تۈرك خانلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىنىسى بولغان، لېكىن، ئارىيەلىكلەرچە «يالان شاھ» ئۇنۋانى بىلەن يۈرگەن. بۇ — «قەھرىمانلارنىڭ پادىشاسى» دېگەنلىك بولىدىكەن. بۇ شەھەر 20 مىڭغىچە ئەسكەر چىقىرالايدىكەن. سۇيئاپقا بارىدىغان يول ئۈستىدە ناۋاكەتتىن بىر فەرساخ يىراقلىقتا پەنجىكەنت دېگەن شەھەر جايلاشقان بولۇپ، بۇ شەھەر 8 مىڭ ئەسكەر چىقىرالايدىكەن سۇيئاپنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئۈچ يېزا بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاكىملىرى بولغان. كاستېك داۋىنى ئارقىلىق ئۆتىدىغان تاغلارنى تۈركلەر مۇقەددەس يەرلەر دەپ ھېسابلىغان. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بۇ تاغلار ئىلاھلارنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرى بولغان. داۋاننىڭ شىمال تەرىپىدە بەكلىك (ياكى بەكالىك) شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاكىمى بىر مەلۇماتقا قارىغاندا، بەدەن - سەنگۇ، ئىككىنچى بىر مەلۇماتقا قارىغاندا، تۈركچە ئىنال - تېگىن ئۇنۋانىدا بولغان. ھاكىمنىڭ 3 مىڭ ئەسكىرى بولغان. ئۇنىڭ سىرتىدا بۇ شەھەر 7 مىڭ ئەسكەر چىقىرالايدىكەن. سۇيئاپتىن بارسخانغا بارىدىغان يولنى كارۋان ئون بەش كۈن ماڭىدۇ، تۈركلەرنىڭ پوچتىسى بولسا 3 كۈن ماڭىدىكەن. ئېھتىمال، كاستېك، ۋېرنىن، ئىلى دەرياسىنىڭ نېرىسىدىكى ئالاتاۋنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە قىزىل قىيا (سەنتاش ئىگىزلىكىدىكى) داۋىنى ئارقىلىق قاراقولغا بارىدىغان يول نەزەردە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. توقماق شەھىرىدىن قاراقولغا ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي ياقىسىنى بويلاپ بارىدىغان يول ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ كۆرسەتكەن كۈنلىرى بەك كۆپلۈك قىلىدۇ. لېكىن، ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىمۇ چىگىللەرنىڭ يېرى بىلەن

قارلۇقلار يېرىنىڭ چېگرىسىدا سىكۆل دىگەن چوڭراق تىجارەت شەھىرى بولغان . بۇشەھەرنىڭ تۆمۆرلەڭ ۋاقتىغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىسسىق كۆل شەھىرى بىلەن بىر شەھەر ئىكەنلىكى ئېھتىمال قىلىنىدۇ . بۇنى بىز تۆۋەندە كۆرىمىز .

بارلىق تۈركى خەلقلەر ئىچىدە ، مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىرىگە ئەلۋەتتە قارلۇق خەلقى مۇپتىلا بولۇشى كېرەك ئىدى. قارلۇق خەلقى قارلۇقلارنىڭ يابغۇسى مەھدى خەلىپە ( 775 — 785 - يىللار ) زامانىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، دىگەن مەلۇمات شۈبھىلىكتۇر . لېكىن، 10 - ئەسىردە تالاسنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر قانچە شەھەردە جامە ـ مەسچىتلەرنىڭ بولغانلىقى ئېنىق . مەدەنىيەت قارلۇقلارنىڭ تۇرمۇش قىياپىتىگە ئۆز ئىزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتتى . قارلۇقلار ئىچىدە كۆچمەنلەر ، ئوۋچىلاردىن باشقا ، ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارمۇ بارئىدى . لېكىن ، قارلۇقلار باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ، بولۇپمۇ 10 - ئەسىردە بارلىق تۈركى خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك دەپ ھىساپلانغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ① ھۇجۇمىغا دائىم ئۇچراپ تۇردى . توققۇز ئوغۇزلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ خانلىرى بىلەن بىرگە مانى دىنىدا ئىدى . لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىرىستىيانلار ، بۇددا دىنىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلارمۇ بولغان . 10 - ئەسىردە بۇرۇن قارلۇقلارغا تەۋە بولغان بارسغان شەھىرىنىڭ ② توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قولىدا بولغانلىقىنى بىز كۆردۇق . بۇندىن باشقا ، پەنچۇلا شەھرى ( تەلەپپۇزى گۇمانلىق ) يەنى ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ شەھەرنىڭ قارلۇقلار ئىدارىسىدا بولغانلىقى ، لېكىن ئۇنىڭ ھاكىمى توققۇز ئوغۇزلارغا بېقىندى ئىكەنلىكى ، كېيىن بۇ شەھەرنى قىرغىزلار ئىگەللەپ ئالغانلىقى سۆزلىنىدۇ ③ . قىرغىزلار بۇ ۋاقىتلاردا يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا ياشىغان . جۇڭگو مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ، ئۇلارغا 8 - ئەسىردىلا ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كۇچاردىن ئەرەپلەرنىڭ يىپەك توشۇيدىغان كارۋانلىرى بېرىپ تۇرغان . سودا ـ سېتىق مۇئامىلىلىرى قىرغىزلارنى ئەرەپلەر ، قارلۇقلار ۋە تىبەتلىكلەر بىلەن يېقىنلاشتۇرغان ④ . ھازىر ، قىرغىزلار توققۇز ئوغۇزلارغا قارشى قارلۇقلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ ، يەتتە سۇنىڭ بىر قىسمىنى ، ھازىرقى ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىنى ئىشغال قىلغانلىقلىرى

---

① توققۇز ئوغۇزلار — شەرقىي تىيانشاندىكى ئۇيغۇرلاردۇر. B .M نىڭ ئىزاھاتى .

② مىنورىسكىنىڭ پىكرىچە ، بارتولدنىڭ مۇنداق مۇقىملاشتۇرۇشى «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ تېكىستىنى خاتا ئىزاھلاشقا ئاساسلانغان ئىكەن Ф.B.

③ « ھۇدۇدۇلئالەم» 17 - بەت .

④ « مەلۇماتلار توپلىمى » 1 - توم، 449 - بەت .

مۇمكىن. قانداقلىكى بولمىسۇن، يەتتە سۇغا قىرغىزلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىگى خېلى كېيىن كۆچۈپ كەلگەن. ئەگەردە قىرغىزلار يەتتەسۇدا قاراخانىلار زامانىسىدا ياشىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىسلامدىنىنى 10 – ۋە 11 – ئەسىرلەردىلا قوبۇل قىلغانلىقىغا ھېچقانداق گۇمان بولماس ئىدى. ھالبۇكى، قىرغىزلارنىڭ 16 – ئەسىردە مەجۇسى دەپ ھېساپلانغانلىقلىرىنى بىزلەر كۆرمەكتىمىز.

ئەڭ ئاخىرىدا، قارلۇقلار يېرىنىڭ مەركىزى بولغان چۇ دەرياسى ۋادىسىمۇ قارلۇقلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 940 – يىلى ئەتراپىدا قانداقتۇر «مەجۇسى تۈركلەر» بالاساغۇن شەھىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ. بالاساغۇن 11 – ۋە 12 – ئەسىرلەردە چوڭ رول ئوينىغان. 10 – ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئالىملىرىدىن بالاساغۇن ھەققىدە پەقەت مەقدىسىلا سۆزلەپ، ئۇنىسى: «خەلقى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر ئىدى» دەيدۇ. باشقا بىر ئورۇندا مەن بالاساغۇن شەھرىنىڭ چۇ دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۈچ چىقاردىم، لېكىن، بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز.① مۇشۇ ۋاقىتلاردا چۇ دەرياسىنىڭ ۋادىسىنى ئىشغال قىلىۋالغان خەلق قاراخانىلار سۇلالىسى كېلىپ چىققان خەلق بىلەن بىر خەلق بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ خەلق 10 – ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسيانىڭ غەرپ تەرەپتىكى يېرىنىڭ پۈتۈن يېرىسىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزۈۋېلىپ بىرلىككە كەلتۈرگەن. بۇ سۇلالىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشقا ھازىر بىز كىرىشىمىز.

× × ×　　× × ×　　× × ×

**ئىزاھات:**

جۇڭگو مەنبەلىرى پەقەت 8 – ئەسىردىكى ۋەقەلەر ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. يەتتەسۇنىڭ 9 –، 10 – ئەسىرلەردىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى بىز ئەرەپلەرنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىن تاپالايمىز. بۇ ئەرەپ جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى گوللاندىيىنىڭ شەرقشۇناس ئالىمى Degoeje تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئوتتۇرا ئاسيا ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىدىغان جەيھانى ۋە ئىبنى خورداد بەھ! قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتكەن. لېكىن، بۇ ئەسەرلەردىن ئۆز ۋاقتىدا ئىرانلىق ئاپتورلار پايدىلانغان ئىكەن. مەسىلەن: تومانسكىي تەرىپىدىن بۇخارادا

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسياغا بولغان ساياھەت توغرىسىدا دوكلات» نىڭ 333 – بېتىگە قاراڭ. خۇددى مۇشۇ پىكىرنى ئارىستوۋمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ «ئېتنىك تەركىپلەر» دېگەن كىتاۋىنىڭ 39 – بېتىگە قاراڭ.

تېپىلغان 10 - ئەسىردىكى نامەلۇم ئاپتورنىڭ ئەسىرى ۋە 11 - ئەسىردىكى تارىخچى گاردىزى ئەسىرى قاتارلىقلاردا. گاردىزى ئەسىردىكى بىر پارچىنى مەن نەشىر قىلىپ، ئۆزەمنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى» ھەققىدە ھاۋاتىمغا قوشۇمچە قىلدىم.

## IV

## قاراخانىلار *

تارىخچىلار قاراخانىلارنىڭ قايسى تۈركى خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە بىزگە سۆزلەيدۇ، لېكىن بۇ خەلقنى ياغما خەلقى دەپ پەرەز قىلىشقا ئاساس بار. ياغمىلار پادشاسى بۇغراخان ئۇنۋانىدا بولغان، بۇ ئۇنۋان قاراخانىلاردا بەك ئادەتتۇر. چۇ دەرياسى ۋادىسىغا يېڭى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى بۇ نۆۋەت جەنۇپ تەرەپتىن بولغان. چۇ دەرياسى ۋادىسىدا قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى تېزلا قوبۇل قىلغان. بۇ ۋەقە ھەققىدە بىزگە ئەپسانىۋى مەلۇماتلار يېتىپ كەلگەن. ئىبنى ئەلئەسىر يېزىپ قالدۇرغان بىر ئەپسانىدا، ئىسلام دىنىنى بىرىنچى قېتىم شابۇق (ياكى ساتۇق) قاراخان قوبۇل قىلغان. ساتۇق قاراخان چۈشىدە بىر ئادەمنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا تۈرك تىلىدا: «بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا ئۆزەڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغايسەن» دەيدۇ. ئەڭ قەدىمقى نۇسخىسى جامال قارشىنىڭ ئەسىردە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىككىنچى بىر ھېكايىگە قارىغاندا، بىرىنچى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئادەم ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكېرىم ئىكەن. بۇ ئادەم ھىجرى 344 - (مىلادى 955 — 956 -) يىلى ۋاپات بولغان. مۇشۇ ھەرئىككى ھېكايىدىكى سۆزلەنگەن ئادەم ئەسلىدە بىر ئادەم ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق، چۈنكى ھەر ئىككى ئاپتور بۇ ئادەمنى ئىلىكنىڭ چوڭ بوۋىسى ئىدى، دەپ سۆزلەيدۇ (ئىلىك دىگەن ماۋارائۇننەھرنى ئىشغال

---

* قاراخان تېرمىنى دەسلەپ گرىگورىيېۋ تەرىپىدىن قوللىنىلغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق چۈشكەن. گىرىگورىيېۋ قاراخانىلار ھەققىدە ئەسەرلەر يازغان باشقا ئالىملارغا ئوخشاشلا، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغان. ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ يازغان مەلۇماتلىرى ئۇنىڭدىن ئاۋال يازغان ۋە ۋەقەگە ئوبدان تونۇش بولغان ئاپتورلارنىڭ يازغانلىرىغا ئوخشاش چىقماي قالغان چاغلارمۇ بولىدۇ، جۈملىدىن ئۇتبى، گاردىزى، بەيخاقىلارنىڭ يازغانلىرىغا ئوخشىماي چىقىدىغانلىرى بار. بۇ ئۈچ ئاپتورنىڭ ھەممىسى 11 - ئەسىردە ياشاپ ئىجات قىلغان. جامال قارشىمۇ بەك قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئۇ، 1282 - يىلى ئەرەپچىدىن پارسچىغا «ئەلجەۋھەرى» دىگەن لۇغەتنى تەرجىمە قىلغان. 14 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئۇنىڭغا «قوشۇمچە» (مۇلخەقات) يازغان.

قىلغان ناسىرنىڭ تۈركچە ئۇنۋانى بولغان ) . ئابدۇلكېرىمنىڭ نەۋرىسى ھارۇننىڭ « بۇغرا-
قاراخان » ئۇنۋانىدا يۈرگەنلىكىنى ئۇنىڭ بىلەن زاماندash بىر ئاپتور يازىدۇ .

مۇشۇ زىكرى قىلىنغان ھارۇننىڭ پايتەختى بالا ساغۇن بولغان ؛ ئۆزى ماۋارا-
ئۇننەھرگە بېرىپ ، ئاغرىپ قېلىش نەتىجىسىدە ئۇ يەردىن قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ،
قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىدا يولدا 992 - يىلى ۋاپات بولغان. ماۋارائۇننەھرنى زەبت
قىلىش ئىشىنى 999 - يىلى ئىلىك ناسىر ئەمەلگە ئاشۇردى . قارا خانىلارنىڭ ئۇندىن
كېيىنكى ئالغا سىلجىشلىرى غەزنەۋىلەرنىڭ سۇلتانى مەخمۇد ( 998 — 1030 ) تەرىپىدىن
توختىتىلدى . مەخمۇد سۇلتان ئافغانىستاننى ، ئىراننىڭ شەرقىي يېرىمىنى ، ھىندىستان-
نىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە بويسۇندۇرۇپ ئالغان ئىدى . 1008 - يىل 1 - ئاينىڭ
4 - كۈنى ئوتبىنىڭ تەرىپلىشىچە ، « يۈزلىرى كەڭ ، كۆزلىرى كىچىك، بۇرۇنلىرى يېپىلا ،
ساقاللىرى بەك شالاڭ ، قوللىرىدا تۆمۈر قىلىچ ، كىيىملىرى قارا » تۈركلەر شۇ بالخ
يېنىدا تولۇق مەغلۇپ بولدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار ئامۇ دەريانىڭ نېرىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى توختاتتى.

قاراخانىلار ئىمپېرىيىسى 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا سۇيۇرغاللارغا بۆلۈنۈپ ئىدارە
قىلىنغان . بۇلارنىڭ ئىمپېرىيە باشلىقىغا بولغان يېقىنلىق مۇناسىۋىتى دەرىجىسى پەقەت شۇ
باشلىقنىڭ شەخسى سۈپەتلىرى بىلەنلا بەلگىلەنگەن . ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا سۇ-
يۇرغاللىق سىستېمىسى قوللىنىلغاندا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئۆز ئارا نىزالار باشلىنىدۇ.
بۇ نىزالار قاراخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئىككى تارمىقى بولغان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككى نەۋرىسى
ئەلى (ناسىرنىڭ دادىسى) ۋە ھارۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك بولغان. بۇ تالاش-ماجرالارنىڭ
جەريانى ۋە يەتتە سۇنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا قايسىسىنىڭ قولىدا بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات-
لار بىزدە بەك ئاز، بەزى چاغلاردا بۇلار بىر بىرىگە زىت . ئوتبىنىڭ يېزىشىچە ، ئىلىك
ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئىنىسى تۇغان خان بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرغان . ئۇ، تۇغان خاننى
مەخمۇد (غەزنەۋى) بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمان قىلغان . ئىلىك ھىجرى 403 - يىلى
( مىلادى 1012 — 1013 - يىلى ) ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى تۇغان خانغا
ئۆتىدۇ. تۇغان خاننىڭ ماۋارا ئۇننەھرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغانلىقى
گۇمانلىق، لېكىن ئۇنىڭ يەتتە سۇنى ئىدارە قىلىپ تۇرغانلىقىدا ھېچقانداق شۈبھە يوق.
خۇددى شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىپ تۇرغان . ئۇ يەردىن تۇغان خاننى
بۇغرا خان ھارۇننىڭ ئوغلى قادىرخان يۈسۈپ ئاستا - ئاستا سىقىپ چىقارغان . ئوتبى
ۋە ئىبنى ئەلئەسىرلەر قادىرخاننى خوتەننىڭ ھاكىمى ئىدى ، دەپ سۆزلەيدۇ .
ياماقلاردا كۆرسىتىلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قادىرخاننىڭ ھىجرى 404 - (مىلادى
1013 — 1014 - ) يىلى ياركەنتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغانلىقىنى، ھىجرى 405 -
(مىلادى 1014 - 1015 - ) يىلى قەشقەرنىمۇ ئىدارە قىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىمىز. ھىجرى 408 -

www.uyghurkitap.com

(مىلادى 1017 — 1018 -) يىلى، يەتتە سۇغا يىراق شەرق تەرەپتىن كۆچمەن خەلقلەر كېلىپ هۇجۇم قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ چاغدا شىمالىي جۇڭگونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىگەللەپ ئالغان كىدانلار (قارا خىتايلار) مۇ بولدى. كىدانلارنىڭ ئىسمى كېيىن جۇڭگوغا «خىتاي» دېگەن ئىسىم بىلەن سىڭىپ كەتتى. تۇغان خان بۇ هۇجۇم قىلىپ كەلگۈچىلەرگە نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قارشى كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى مەجۇسلەر تاپشۇرۇپ ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بالاساغۇندىن 8 كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى. كاپىرلار چېكىندى؛ خان ئۇلارنى 3 ئاي قوغلاپ يۈرۈپ يېتىشىۋېلىپ تولۇق مەغلۇبىيەتكە يولۇقتۇردى.

ئوتىبىنىڭ يېزىشىچە، مۇشۇ جەڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي، تۇغان خان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئارسلانخان ئولتۇردى، لېكىن بىز تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن بەيخاقىنىڭ سۆزلىرىدىن تۇغان خانىنىڭ يەتتە سۇنى 1025 - يىلغا قەدەر ئىدارە قىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىمىز. ئارسلانخان مۇھەممەد بىن ئەلىنىڭ نامىدا چىققان ياماقلار گەرچە بۇخارادا قۇيۇلغان بولسىمۇ، بۇلاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ، ئاساسەن سىر دەريا ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن.

1025 - يىلى قادىر خان يۈسۈپ ۋە سۇلتان مەھمۇد ماۋارائۇننەھرگە بىر ۋاقىتتا هۇجۇم قىلدى، ئۇ يەردە شۇ چاغدا ناسىر، تۇغان خان ۋە ئارسلانخانلارنىڭ ئىنىسى ئەلى تېگىن هۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇراتتى. سەمەرقەنتتىن يىراق بولمىغان بىر جايدا قاراخانىلارنىڭ سەركەردىسى بىلەن سۇلتان يولۇقىدۇ. بۇ ئۇچرىشىش گاردىزى تەرىپىدىن تەپسىلىي بايان قىلىندۇ. بۇ ھەر ئىككى پادىشاھنىڭ بىر - بىرىسى بىلەن تەكەللۇپلەر ئالماشتۇرۇشى ئۆز ئارا تولۇق باراۋەرلىككە رىئايە قىلىنغان ئېنىق رەسمىيەتلەر بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، تۈركلەرنىڭ خانى مەھمۇدقا قارىغاندا ياخشىراق مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇ ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان شارابنى ئىچمىگەن. بۇ يەردە ئۇلار توختام تۈزۈپ، بۇنىڭغا ئاساسەن مەھمۇدنىڭ قىزى قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ياغان تېگىنگە تۇرمۇشقا چىقماق بولغان. قادىرخاننىڭ قىزى مەھمۇدنىڭ ئوغلى مۇھەممەتكە تۇرمۇشقا چىقماق بولغان. ياغان تېگىننىڭ ئەلى تېگىندىن ماۋارا- ئۇننەھرنى تارتىۋېلىشىغا ياردەملىشىش ۋەزىپىسىنى مەھمۇد ئۈستىگە ئالغان. لېكىن، مەھمۇد هىندىستانغا يۈرۈش قىلىش بانىسى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇ ۋەزىپىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان، نەتىجىدە مۆلچەرلەنگەن نىكاھ ئىشلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان. ماۋارا- ئۇننەھرنى سوراشنى ئەلى تېگىن داۋام قىلدۇرىۋەرگەن، لېكىن، ئۇنىڭ ئاكىسى تۇغان خان قادىرخاننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بالاساغۇندىن سىقىپ چىقىرىلغان.

قادىرخان يۈسۈپنىڭ قارىمىقىدىكى يەرلەر ئۇ ۋاپات بولغان 1031 — 1032 - يىللاردا، شەرقىي تۈركىستاننى، يەتتە سۇنى، سىردەريا ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى (ئەۋلىيا ئاتا، چىمكەنت ناھىيە -

لىرىنى) ئۆزىمچىگە ئالغان، پايتەختى قەشقەر بولغان. شەرقىي تۈركىستان بىلەن يەتتە سۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بۇغرا تېگىن سۇلايمانغا تەگدى. بۇ، «ئارسلانخان» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى. ئىككىنچى ئوغلى ياغان تېگىن مۇھەممەت «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ، تالاس ( ھازىرقى ئەۋلىيا-ئاتا )، ئىسپىجاپ ( چىمكەنت يېنىدىكى ھازىرقى سايرام ) لارنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن غەزنىۋىلەرنىڭ سۇلتانى مەسئۇد ( مەخمۇدنىڭ ئوغلى ) بىلەن ئالا-قىلىشىپ تۇردى. ماۋارائۇننەھرنى ئەلى تېگىندىن تارتىۋېلىپ، ئۇ يەرنى بۇغراخانغا بېرىش پىلانى قايتىدىن باشلاندى. لېكىن، بۇ پىلان بۇ قېتىممۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. سىكمان ( ؟ ) ھاكىمى بولغان قانداقتۇر لەشكەر خان تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ بەگلىك شەھىرىنىڭ سوغدىچە ئىسمى بولغان سەمەكنا سۆزى بىلەن بىر سۆز بولۇشى ناتايىن.

ئارسلانخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئازۋاقىت ئۆتمەستىنلا دۈشمەنلىك خاراكتېرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئېبنى ئەلئەسىر ئارسلانخان ھىجرى 435 - (مىلادى 1044 — 1043 -) يىلى ئۆزىنىڭ قارىمىقىدىكى يەرلەرنى تۇققانلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۆزىگە پەقەت قەشقەر، بالاساغۇنلارنى قالدۇرۇپ، قالغان يەرلەرنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى ئۆزىگە قالدۇرغان، دەپ بىر يەردە يازىدۇ. بۇ مەلۇماتنىڭ مۇشۇ شەكىلدە قويۇلۇشى ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، سۇيۇرغاللىق سىستېمىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىلى بۇ چاغلاردا يېرىم ئەسىرگە يېقىن بولغان ئىدى. لېكىن بۇ ۋاقىتلاردا ئارسلانخاننىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىمپېرىيە باشلىقىنىڭ ئابرويى زادى قالمىغان-لىقى ئېھتىماللىقا بەك يېقىن. بۇغرا خان 1056 - يىلى ئەتراپىدا ئارسلانخاننى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىدارە قىلىپ تۇرغان بارلىق يەرلىرىنى ئۆز قولىغا ئالىدۇ، لېكىن، ئۇ ئارىدىن 15 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز خوتۇنى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئېبنى ئەلئەسىر بۇغراخاننىڭ ئۆلۈمىنى ھىجرى 439 - (مىلادى 1047 — 1048 -) يىلى يۈز بەرگەن قىلىپ كۆر-سىتىدۇ. لېكىن، بۇ ئىش شۇ ۋاقىتتا زامانداش بەيخاقىنىڭ بۇغراخان ھىجرى 449 - يىلى (مىلادى 1057 — 1058 -) يىلى ۋاپات بولغان، دەپ كۆرسىتىشى بىلەن رەت قىلىنىدۇ. بۇغراخان ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى چاغرى تېگىن ھۈسەيىننى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقىرىشنى خالاپ، خانغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىبراھىم تەختكە چىقىدۇ، ئەمما ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي بارسغان ھاكىمى ئىنال تېگىن بىلەن بولغان سوقۇشتا ئۆلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، قەشقەر ۋە بالاساغۇندا قادىرخاننىڭ ئىككىنچى بىر ئوغلى توغرۇل قاراخان يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ئىنىسى بۇغراخان ھارۇن بىلەن 16 يىل (ھىجرى 451 — 467 -، مىلادى 1058 — 1074 - يىل ئارىلىقلىرىدا) ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇلار ماۋارائۇننەھرنىڭ ھاكىمى شەمسۇلمۇلك ناسىر (بىرىنچى ئېلىك ناسىرنىڭ نەۋرىسى) بىلەن سوقۇش ئېلىپ بارىدۇ. سوقۇش تىنچلىق كېلىشىمى بىلەن تۈگەپ، بۇنىڭغا ئاساسەن ماۋارائۇننەھر بىلەن تۈركىستانلىق قاراخانلارنىڭ چېگرىسى

خوجەنت دەپ ھەم پىلىنىدۇ، بۇ، سىر دەريا بولۇشى ئېھتىمال.

تۇغرۇل خاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى توغرۇل تېگىن ئىككى ئاي ئىدارە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇغراخان ھارۇن يەنە 29 يىل (ھىجرى 467 — 496 - يىللىرى، مىلادى 1074 — 1102 - 1103 - يىللىرى ئارىلىقلىرىدا) قەشقەر، بالاساغۇن، خوتەنلەرنى ئىگەللەپ سوراپ تۇردى. بۇغراخان ھارۇن ھىجرى 462 - (مىلادى 1069 -) يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بىلەن بىرگە يۇرت سوراپ تۇرغاندا، قەشقەردە «قۇتادغۇبىلىك» نامىدىكى تەلىم - تەربىيىۋى داستان يېزىلىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنىدۇ①. بۇ تۈركى تىلدا يېزىلغان بىرىنچى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى بالاساغۇنلۇق ئادەمدۇر.

1089 - يىلى سالجۇقلارنىڭ سۇلتانى مەلىك شاھ سەمەرقەنتنى بېسىۋېلىپ، ئۆزگەنتكە قەدەر كېلىدۇ. قەشقەر خانى (ھارۇن بولۇشى ئېھتىمال) ئۆزىنى ئۇنىڭغا تەۋە دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەلىك شاھ كەتكەندىن كېيىن، سەمەرقەنتتە چىگىللەردىن بولغان ياللانما تۈرك ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەر خانىنىڭ ئىنىسى ئاتبېشىنىڭ ھاكىمى ياقۇپ تېگىننى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىدۇ. ياقۇپ سەمەرقەنتنى ئىگەللەپ تۇرىدۇ. لېكىن، مەلىك شاھنىڭ قايتىدىن يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئاتبېشىغا قېچىپ كېتىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە ياقۇپنىڭ قەشقەردىكى قېرىندىشىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. ئاتبېشىنى تالان - تاراج قىلىدۇ. مەلىك شاھ يەنە ئۆزكەنتكە قەدەر كېلىپ، خاندىن ياقۇپنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى سورايدۇ. خان بۇ تەلەپنى قەدرى - ھۆرمەت چۈشەنچىلىرىگە زىت ئىكەن، دەپ كېچىكتۈرىدۇ. ئاخىرى، خان مەلىك شاھقا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ياقۇپنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرۈپ، يولدىكى قەلئەلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ تاشلاپ كېتىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر مەلىك شاھ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمىگەندىلا ياقۇپنى ئۆزگەكەنتكە ئېلىپ بېرىشنى تاپىلايدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىت-

① «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇشۇ يېقىن ۋاقىتلارغىچە پەقەت بىرلا قولىيازمىسى مەلۇم بولۇپ، ئۇ، ۋېينا شەھىرىدە ساقلانماقتا. مۇشۇ قولىيازمىغا ئاساسەن، 1870 - يىلى ۋامبېرى ئۇنى ئانچە ياخشى بولمىغان نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن بىرگە نەشر قىلغان ئىدى. رادلوفمۇ قولىيازمىنى رەسىمگە ئېلىپ 1870 - يىلى نەشر قىلغان ۋە 1891 - يىلى سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نەشر قىلغان ئىدى. بۇ يىل (1896 - يىلى) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قاھىرەدە ئىككىنچى بىر نۇسخىسى تېپىلدى. (كېيىنرەك پەرغانىدا بۇ ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلگەن 3 - نۇسخىسى تېپىلدى. بۇ، نەمەنگان» قولىيازمىسى نامىدا مەشھۇردۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قول يازمىلىرى ۋە ئاپتورى ھەققىدە ۋە لىتۇۋنىڭ «يۇسۇپ بالا ساغۇنى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ (B·P·

لاردا، قەشقەرنى ئىككىنچى بىر ھۆكۈمران توغرۇل ئىنال ئوغلى قورشىۋالىدۇ. بۇنىڭ بۇرۇن تۇرغان جايى قەشقەردىن 80 فەرساخ (500 چاقىرىم) يىراقلىقتا بولىدۇ. بۇ توغرۇل يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئىنال تېگىننىڭ ئوغلى بارسغان ھاكىمى بولۇشى مۇمكىن. قەشقەر خانى ئەسىرگە چۈشىدۇ. مانا بۇ خەۋەر ئۇنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى ئوغلىغا يەتكەندە، ياقۇپ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلىرىگە يالۋۇرۇپ ئۆزىنى قويۇۋەتكۈزىدۇ. مەلىك شاھ ياقۇپ بىلەن توختام تۈزۈپ كېلىشىپ ئۆزكەنتتىن قايتىدۇ. ياقۇپقا توغرۇلغا قارشى سوقۇشنى داۋاملاشـ تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. بۇ سوقۇشنىڭ قانداق تاماملانغانلىقى ھەققىدە بىزدە ھېچـ قانداق مەلۇمات يوق. ئەھۋالغا قارىغاندا، ھارۇن ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ، قەشقەرنى 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئىدارە قىلىپ تۇردى.

1102 - يىلى بۇغراخان ھارۇننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ماۋارائۇننەھرگە بالاساغۇن ۋە تالاسنىڭ ھاكىمى قادىرخان جەبرائىل (قادىرخان ئۆمەرنىڭ ئوغلى، بۇغراخان مۇھەممەتـ نىڭ نەۋرىسى) ھۇجۇم قىلىدۇ. قادىرخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن باشقا، ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئادەملەرمۇ بولىدۇ. قادىرخان ئەسكەرلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىغىـ چە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ، بۇ دەريانىڭ ياقىسىدا سالجۇق سۇلتانى سىنجار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۆلتۈرۈلىدۇ. مانا مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، قاراخىتايلار يەتتە سۇغا باستۇرۇپ كەلگەنگە قەدەر، يەتتە سۇ ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

قاراخانىلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردىكى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا دائىر قولغا چىققۇدەك تارىخى ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. تۈركلەر ئېلىدىكى بىرىنچى مۇسۇلمان سۇلالىسى سۈپىتىدە قاراخانىلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولۇ- شىدا ھېچقانداق شۈبھە يوقتۇر. مانا شۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئىبنى ئەلئەسىر ھىجرى 349 - (مىلادى 960 -) يىلىدا 200 مىڭ چېدىرلىق قانداقـ تۇر بىر تۈرك خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، دەپ يازىدۇ. بۇ مەلۇماتنىڭ يەتتەسۇ ياكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق. بۇلارنىڭ يەتتەسۇدا ياشىغۇچى خەلق بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا كۆچمەن خەلقنىڭ سانى ھېچقاچان كۆپ بولغان ئەمەس. 1043 - يىلى كۈزدە، ھازىرقى قىرغىز دالىسىدىكى (قازاق دالىسىنى نەزەردە تۇتىدۇ — B.M) تۈركلەر مۇسۇلمان بولىدۇ. ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ سۆزىچە، بۇ تۈركلەر 10 مىڭ چېدىرلىق بولۇپ، يازدا بۇلغار يەرلىرىگە خوشنا يەرلەردە، قىشتا بالاساغۇن ئەتراپىدا ياشىغان ئىكەن. شۇنىسى ئەپسۇسكى، تارىخچىلار ئىسلام دىنىنىڭ باشقا مەدىنى ئامىللار بىلەن بولغان كۈرەشى توغرۇلۇق بىزگە ھېچقانداق

تەرسە خەۋەر قىلمايدۇ. شەرقىي تۈركىستان دائىم جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بولۇپ كەلگەن، قاراخانىلارنىڭ بەزى ھۆكۈمرانلىرى، ھەتتا ماۋارائۇننەھردىمۇ 11 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا تابغاچ خان (تامغاچ خان) ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان. بۇ ئۇنۋان 8 - ئەسىردىكى ئورخۇن ئابىدىلىرىدە جۇڭگو ئىمپېراتورلىرىنىڭ ئۇنۋانى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ھىجرى 459 - (مىلادى 1067 -) يىلىدىن باشلاپ چىقارغان قاراخانىلارنىڭ ياماقلىرىدا «مەلىك ئەلمەشرىق ۋاسسىن (شەرق ۋە چىننىڭ پادىشاسى) دېگەن ئۇنۋانلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل پاكىتلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو خان سارىيىنىڭ جەلپ قىلىپ زوقلاندۇرۇشى بىلەنلا چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەسلى جۇڭگو بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا جۇڭگوغا چېگرىداش بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇل شەھەرلىرى جايلاشقان قىسمىمۇ قارا خانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىبىگە بىر چاغلاردا كىرگەنىدۇ-تاكى، چۈنكى بۇ يەرلەردە ئىسلام دىنى 15 - ئەسىرگە قەدەر ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان ئەمەس. قاراخانىلارنىڭ سوققان ياماقلىرىدىكى يېزىقلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ دۆلەت دائىرىسىدە ئومۇم مۇسۇلمان ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر ئېلىپبەسىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ ئېلىپبە سۇرىيىدىن چىققان بولۇپ، ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىياغا نېستورىيانلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۇچرايدىغان بەزى مەدەنى تېرمىنلار موڭغۇللار ئىشلەتكەن تېرمىنلارغا ئوخشاشتۇر. قارا خانىلارنىڭمۇ، موڭغۇللارنىڭمۇ بۇ تېرمىنلارنى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوقتۇر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇڭگو بىلەن چېگرىداش قىسمىدا جايلىشىپ قالغان تۈركىي خەلقنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى مىلادىنىڭ 5 - ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. بىز تۆۋەندە شۇنى كۆرىمىزكى: موڭغۇللار ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا خىرىستىيان ۋە بۇددا دىنىدىكى ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ قورقۇنۇچلۇق رەقىبلىرى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇنداق رىقابەتچىلىكنىڭ بۇندىن ئاۋال بولغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالدۇر. لېكىن، بىز بۇ ھەقتىكى پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز.

## V

## قارا خىتايلار

10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا خىتايلار ئۇلۇغ ئوكياندىن بايقال ۋە تىيانشانغىچە قەدەر سوزۇلغان چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىنى قۇردى. قارا خىتايلارنى ئادەتتە، تۇنغۇسلاردىن كېلىپ چىققان ۋە بەزى موڭغۇل ئامىللىرى ئارىلاشقان خەلق، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ سۇلالىنىڭ جايلاشقان ئورنى شىمالىي جۇڭگو بولۇپ، جۇڭگو تارىخچىلىرىدا بۇ سۇلالە-

لياۋ 辽 نامىدا يۈرگۈزۈلىدۇ. لياۋ سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى تۈپەيلىدىن، قارا خىتايلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بۇلاردىن ئاۋال بولغان باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن قاتتىق ئۇچرايدۇ. 1125 - يىلى، تۇڭغۇسلاردىن بولغان ئىككىنچى بىر جۇرجىن دىگەن خەلق جەنۇبىي جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قارا خىتايلار ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىدۇ. بۇلارنىڭ قالدۇقلىرى، ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان ئۇرۇغىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ياللۇغ تاشىن باشچىلىقىدا، غەرپ تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردە يېڭى بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىنى قۇرىدۇ.

قارا خىتايلار غەرپكە ئىككى يول بىلەن يۈرىدۇ. بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق يۈرۈپ، ئارسلانخان سۇلايماننىڭ نەۋرىسى، تابغاچ خان ھەسەننىڭ ئوغلى قەشقەردىكى ئارسلانخان ئەخمەت تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئىبنى ئەلئەسىر بۇ جەڭ ھىجرى 522 - (مىلادى 1128 -) يىلى بولغان، قارا خىتايلارنىڭ باشلىقىمۇ مۇشۇ سوقۇشتا ئۆلگەن ، دەيدۇ. ئەسلىدە بۇ جەڭ بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل كېيىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى سۇلتان سىنجار 1133 - يىلى 7 - ئايدا باغدات ھۆكۈمىتىگە يازغان بىر خېتىدە بۇ ۋەقەنى يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرىدە قارا خىتايلارنىڭ مۇشۇ ھەركىتىلا مەلۇم بولۇپ، ئۇلار « غەربىي لياۋ » ئىمپېرىيىسىنىڭ تەشكىل بولۇشىنى مۇشۇنىڭغا باغلايدۇ. شۇڭلاشقا، قارا خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلگەن ياللۇغ تاشىن بىلەن ھەقىقەتەن بىر ئادەممىدۇر، دىگەن گۇمان تۇغۇلىدۇ ①.

بارلىق مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە قارا خىتايلارغا بىرىنچى بولۇپ بويسۇنغان مۇسۇلمان ھاكىمى بالاساغۇن خانى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ يېزىشىچە، قارا خىتايلارنىڭ بىر قىسمى 16 مىڭ چېدىر ( ئائىلە ) يەتتە سۇغا ئارسلانخان ( سۇلايمان بولۇشى ئېھتىمال ) ۋاقتىدا كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلار باشتا جۇڭگو بىلەن قارا خانىلار يەرلىرىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تاغ يوللىرىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شۇڭلاشقا بۇلارغا مۇئەييەن يەرلەر كۆرسىتىپ بېرىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە خىزمەت ھەققىمۇ بەلگىلەنگەن ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار سودىگەرلەرنىڭ بىر باي كارۋىنىنى توختىتىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە ياخشى ئوتلاق يەر كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سودىگەرلەر ئۇلارنى بالاساغۇن تەرەپكە يەنى يەتتە سۇغا يۆنەلتىپ قويىدۇ. 16 - ئەسىردىكى بىر ماتېرىيال رەتلىگۈچى ئادەم مۇشۇ كۆچۈش ۋەقەسىنىڭ ھىجرى 433 - (مىلادى

① ھازىرقى ئاپتورلار بارتولدنىڭ بۇ خىل گۇمانىنى توغرا دەپ ھىساپلىمايدۇ.
ۋىتفوگېل — فېڭ جياشېڭنىڭ « لياۋ » دىگەن ئەسىرىگە قاراڭ B.P.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1041 — 1042 -) يىلدا بولغانلىقىنى، ئارسلانخان كۆچۈپ كەلگۈچىلەردىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىماستىن باشقا مەسىلىلەردە خانغا تولۇق بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلىگەنلىكلىرىنى، شۇڭلاشقا خان ئۇلارغا چېقىلماستىن خاتىرجەم قىلغانلىقىنى يازىدۇ. لېكىن، بۇ مەلۇماتلارنى قايسى مەنبەلەردىن ئالغانلىقى نامەلۇم. ئىبنى ئەلئەسىر پەقەتلا ئارسلان خاننىڭ قارا خىتايلارغا پات - پاتلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ تۇرغانلىقىنىلا يازىدۇ. قارا خىتايلار يەتتە سۇغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، مانا مۇشۇ ئاۋال كۆچۈپ كەلگۈچىلەر ئۆزلىرى بىلەن بىر قەبىلە بولغان قارا خىتايلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالىدۇ.

جۇۋەينىنىڭ يېزىشىچە، قارا خىتايلار (مۇسۇلمان ئاپتورلار مۇشۇ ھۇجۇم قىلىپ كەلگۈچىلەرنى شۇ نام بىلەن يۈرگۈزىدۇ) قىرغىز يەرلىرىدىن ئۆتۈپ، ئېمىل دەرياسىغىچە كېلىپ، بۇ يەردە شەھەر سالىدۇ. 13 - ئەسىردە بۇ شەھەرنىڭ خانىۋەيران بولغان ئىزلىرىلا قالغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قارا خىتايلارنىڭ دەسلەپ كېلىپ ئورۇنلاشقان يەرلىرى ھازىرقى چۆچەك رايونى بولغان. ئۇلارنىڭ سانى بۇ يەردە 40 مىڭ چېدىرغا يېتىدۇ. قارا خانىلار سۇلالىسىدىن بولغان بالاساغۇن ھاكىمى (بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلمەيدۇ) ئۆزىنىڭ ئۆزىنى قىستاپ تۇرغان تۈرك قەبىلىلىرىدىن قانقىل ۋە قارلۇقلارغا قارشى كۈرەشكە مەزكۇر قارا خىتايلارنى تەكلىپ قىلىپ چاقىرىدۇ. قارا خىتايلار بالاساغۇنغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئاجىز ھاكىمىنى ئورنىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېنىسەي دەرياسىدىن تالاسقىچە سوزۇلغان دۆلىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار قانقىللارنى بويسۇندۇرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننى ئىستائەت قىلدۇرىدۇ. 1137 - يىلى ماۋارا ئۇننەھرنىڭ ھاكىمى مەھمۇدخاننى خوجەند ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلىدۇ. 1141 - يىلى كاتۋان يايلىقىدا (سەمەرقەنتنىڭ شىمال تەرىپىدە، تاش كۆۋرۈك بىلەن يېڭى قورغان ئارىلىقىدا) سالجۇق سۇلتانى سىنجارنى تولۇق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. خارەزمنى بويسۇندۇرۇشقا مەخسۇس بىر قوشۇن ئەۋەتىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەتتە سۇ تۈركىستان ئۆلكىسى بىلەن بىرلىكتە قارا خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىۋىگە كىرىدۇ. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ باشلىقى «گورخان» ئۇنۋانىدا يۈردى. مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ سۆز «خانلارنىڭ خانى» دېگەنلىك بولىدىكەن. گىرىگورىيېۋدىن بۇيانقى بەزىبىر ياۋروپا ئالىملىرى بۇ سۆزنى موڭغۇلچە «گورگان»① (كۈيئوغۇل) سۆزى بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەلۇمكى، بۇ ئۇنۋاننى ئاقساق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى قوبۇل قىلغان ئىدى. قارا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شۇ مەزمۇندىكى ئۇنۋان

① گىرىگورىيېۋنىڭ بۇ تەرىقىدە ئىزاھلىشى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئاساسسىزدۇر BM.

بىلەن يۈردى دېيىلگەندە، ئۇلار بۇ ئۇنۋاننى شەرقتىكى لياۋ سۇلالىسىنىڭ تۇققانلىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان بولىدۇ. لېكىن بۇ پىكىرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئاساسى بارلىقىغا بىر نەرسە دېيىش بەك مۇشكۇل ئىشتۇر.

گورخان ۋە گورگان سۆزلىرىنىڭ شەكلىنى قارا خىتاي تىلىنىڭ دىيالېكت جەھەتتىكى پەرقلىرى بىلەنلا چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزى قانچىلىك ئاساسلىق ئىكەنلىكىگە بىر نەرسە دېيىش تەس. ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ يېزىشىچە، بىرىنچى گورخان ئۆزىنىڭ قەددى - قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان، جۇڭگو يىپىكىدىن تىكىلگەن كىيىملىرىنى كىيگەن ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە يۈزىگە پەرەنجە تارتىپ يۈرگەن، مانى دىنىغا ئېتىقات قىلغان، ئۆزىگە تەۋە خەلقلەر ئىچىدە چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان، ئۆز ئەسكەرلىرىنى قاتتىق ئىنتىزام بىلەن باشقۇرغان، ئەسكەرلىرىنىڭ ئىشغال قىلغان بىرەر يېرىدە بۇلاڭچىلىق قىلىشىنى قاتتىق مەنئى قىلغان. بىرەر شەھەرنى بېسىۋالسا، شۇ شەھەردىكى ھەر بىر ئۆيدىن بىر دىنار ئېلىش بىلەن چەكلەنگەن، يەنى جۇڭگودا قەدىمدىن بويان كېلىۋاتقان ھەر ئۆي بېشىغا سېلىق سېلىش سىستېمىسىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن. لېكىن پاھىشىۋازلىق ئۈچۈن ( يەنى يەرلىك خەلقنىڭ ئائىلىۋى ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلىق ئۈچۈن ) ئەسكەرلەر جاۋابكارلىققا تارتىلمىغان. گورخان ئۆزلىرىنىڭ ياردەمچىلىرىگە سۇيۇرغال بەرمىگەن ۋە ھېچكىمنىڭ قولىغا 100 نەپەر ئاتلىق ئەسكەردىن ئارتۇق ئادەم بەرمىگەن ( بىرەر يەرگە ھۇجۇمغا بارغاندىكى قىسقا مۇددەت ۋاقىتلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ). گورخانغا ئۆزىنىڭ بويسۇنغانلىقىنى ئىپادىلىگەن يەرلىك ھاكىملار بەللىرىدىكى كەمىرىگە كۈمۈشتىن ياسالغان تاختايچە ئېسىپ، ئىتائەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ خىلدىكى بېقىندى يەرلەرنىڭ سانى خېلى كۆپ بولغان. گورخانلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا، مەلۇم بولۇشىچە، يەتتەسۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى، غۇلجا ۋىلايىتى، سىر دەريا ئوبلاستىنىڭ شەرقىي - شىمالى قىسمى بولغان. گورخاننىڭ ئاساسىي ئىش باشقۇرۇش ئورنى ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىدە، چۇ دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بولغان. بالاساغۇندىن يىراق بولماسلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. گورخان جايلاشقان ئورۇن خوسۇن - ئوردۇ ( كۈچلۈك ئوردا ) ياكى خوتو ( ئۆي ) نامىدا ئاتالغان. يەتتەسۇنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قىسمى قارلۇق خانلىرىغا تەۋە بولغان، ئۇلارنىڭ پايتەختى قاپالنىڭ غەربىدىكى تۈزلەڭگە جايلاشقان قايالىق شەھىرى بولغان. ماۋارائۇننەھر بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى قاراخانىلار ئىدارە قىلىپ تۇرغان. گورخانلار دۆلىتىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا، ئىمپېرىيە باشلىقىغا نىسبەتەن 3 خىل دەرىجىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدىكى ھاكىملار بارلىقىنى كۆرمەكتىمىز. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى روسىيە تارىخىدىمۇ شۇنداق بولغان. قارلۇقلار خانى ھوزۇرىدا گورخاننىڭ دائىمىي ۋەكىلى تۇرغان. سەمەرقەنت ھاكىمى يېنىدىمۇ شۇنداق بولغان. خارەزم شاھىغا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقىلارغا مەلۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا سېلىق يىغقۇچىلارنى ئەۋەتكەن. بەزى يەرلەرگە، مەسىلەن، بۇخارادىكى مەلۇم بىر ۋاقىتلاردا مەمۇرى ھاكىمىيەت ۋە دىنىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان روھانىلار باشلىقىغا ھېچقانداق ئادەم ئەۋەتمەستىن، قارا خىتايلارغا تېگىشلىك سېلىقنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يىغىپ ئەپ كېلىپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلغان.

ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىرىنچى گورخان 1143 - يىلى ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ قىزى تەختكە چىققان، ئۇمۇ تېز ئۆلۈپ كەتكەن، ئىدارە قىلىپ تۇرۇش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئانىسى، گورخاننىڭ تۇل خوتۇنىغا، ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەتكە قالغان. جۇڭگو مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى گورخاننىڭ ئوغلى ياللۇغ - ئىلىنىڭ ئىدارە قىلغان ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ مۇۋەققەت باشقۇرۇشى ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئىدارە قىلغان ۋاقتىدىن بالدۇر بولغان. بۇنى جۇۋەينىنىڭ يازغانلىرىمۇ ئىسپاتلايدۇ. جۇۋەينىنىڭ كۆرسىتىشىچە، 12 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى قاراخىتاي دۆلىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ گورخاننىڭ قىزى ئولتۇرغان. ياللۇغ ئىلى ئۆز يەرلىرىدىكى ئاھالىنىڭ سانىنى ئالغان، نوپۇس سانى 84،500 ئائىلىگە يەتكەن. بۇ سان گورخاننىڭ بىۋاستە قارىمىقىدىكى يەرلەرنىڭ كۆچمەن ئاھالىسىغا ئائىتتۇر. ياللۇغ ئىلىنىڭ سىڭلىسىنى جۇڭگولۇقلار بۇسۇ خۇئەن دەپ ئاتايدۇ. 13 - ئەسىردىكى بىر مۇسۇلمان يازغۇچىسى ئۇنى «خانلار خانى» ئۇنۋانى بىلەن تەرىپلەيدۇ. جۇۋەينىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ ئايال ئىدارە قىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەلىي ئىش باشقۇرغۇچى ئۇنىڭ ئېرى بولغان ئىكەن. جۇڭگو مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بۇ پادىشا ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۆزىنىڭ مەھبۇبى بىلەن تۇرۇشقا باشلىغان. ئۆلگۈچىنىڭ ئاتىسى تەرەپتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار سارايىنى قورشىۋالغاندا، پادىشا ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ مەھبۇبىنى خەلق ئالدىدا ئۆلتۈرىدۇ. بۇۋەقە ئۇ ئايالنىڭ ئامان قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. جۇۋەينى گورخاننىڭ تۇل قالغان ئايالى ئۆزىنىڭ ئاشنىسى بىلەن بىرگە ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ يەردە گورخاننىڭ قىزى ئورنىدا ئۇنىڭ تۇل ئايالى دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى كېرەك. جۇۋەينى ئۆزىنىڭ قاراخىتايلار تارىخىغا ئائىت قىسمىدە گورخاننىڭ بۇ قىزىنى تىلغا ئالمايدۇ. لېكىن، باشقا بىر ماتېرىيالدا بۇ قىزنىڭ ئىدارە قىلىپ تۇرغان ۋاقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇسۇ خۇئەن ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە گورخان ياللۇغ ئىلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جى لوگو كۆتۈرۈلىدۇ. جۇۋەينىنىڭ يېزىشىچە، جى لوگو ئۆزىنىڭ ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. بەزى مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە ئاخىرقى گورخاننىڭ ئىسمى «مانى» دەپ كۆرسىتىلگەن، بەزىلىرىدە «كومان» دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئاياللارنىڭ تېز - تېز مۇۋەققەت ھۆكۈمدارلىقى، بولۇپمۇ يەتتەسۇدىكى ماربىيە ئىستىۋارتنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى تەختنىڭ ئابرويىنى ئاجىزلاشتۇردى. مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، قارا خىتايلارنىڭ بەزى بىر ئەمەلدارلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى گورخاننىڭ كۈچ قۇۋۋىتىدىن ئازلا پەرق ئەتكەن. مۇنداق شارائىت ئاستىدا، ئىدارە قىلىشتىكى بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن تەرتىپلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ۋەتەنلىرىدە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق مېۋىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن قارا خىتاي ئىمپېرىيىسى بۇ تەرتىپ - قائىدىلىرى بىلەن باشقا كۆچمەنلەرنىڭ دۆلىتىدىن قاتتىق پەرقلىنىپ تۇراتتى. جۇۋەينىنىڭ كۆرسىتىشىچە، قارا خىتايلارنىڭ سېلىق يىغقۇچىلىرى بۇرۇنقى ۋاقىتلارنىڭ ئەكسىچە، خەلققە بەك زۇلۇم سالغان. گورخان ئەلچىلىرىنىڭ كېيىنلىكى بېقىندى ھاكىملارنىڭ چىشىغا تېگىپ ھاقارەتلەپ تۇرغان ئىدى. ئاخىرى، ئىسلام دىنىدە بولمىغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ھاقارەتلىگەن. مۇسۇلمانلار بولسا ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيىسىدىكى ئازلا كەم كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان. گورخانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقات قىلغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش تەس. بىرىنچى گورخان ئىبنى ئەلئەسىر كۆرسەتكەندەك، ھەقىقەتەن مانى دىنىدا بولغانمۇ ياكى ئوپپېرت ۋە تارىخچىلار تەخمىن قىلغاندەك، خرىستىيان دىنىدا بولغانمۇ؟ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىش مۇشكۇل. ئوپپېرت بىلەن تارىخچى ئۇنى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى „ مۇقەددەس ئىيوئاننا “ بىلەن تەڭلەشتۈرىدۇ. گورخاننى خرىستىيان دىنىدا بولۇشى كېرەك، دېگەن تەخمىننى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنگۈدەك ھېچقانداق ماتېرىيال يوق. 15 - ئەسىردىكى ماتېرىيال رەتلىگۈچىلەرنىڭ: كېيىنكى گورخاننىڭ قىزى خرىستىيان دىنىدا ئىدى، دەپ يازغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئاۋالقى مەنبەلەردە ئىسپاتلانمايدۇ. ئىسلام دىنى قىيىنچىلىقتا يولۇققان؛ مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى دەسلەپكى گورخانلارنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان ھۆرمىتىنى يازىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ چاغلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دىن مەۋقەسىنى يوقىتىپ، باشقا دىنلار بىلەن بولغان باراۋەرلىك ئورنى بىلەن قانائەتلىنىشكە تېگىشلىك بولدى. باشقا دىنلار بولسا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ ئەركىنلىكتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىگە ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە تىرىشتى. نېستورىيان دىنىنىڭ پاترىئارخى ( شەيخى ) ئېلىيا III ( 1176 — 1190 ) قەشقەردە بۇ دىننىڭ بىر دىنىي پونكىتىنى قۇرغان. قەشقەردىكى مېتروپولىتنىڭ ( بۇ دىنىي ئۇنۋان — س ) قەشقەر ۋە نەۋاكەت مېتروپولىتى دېگەن ئۇنۋانى بولغان، يەنى قەشقەردىكى دىنىي پونكىتنىڭ ( مېتروپولىيە ) تارقىلىشى يەتتە سۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىمۇ كىرگەن. توقماق ۋە پىشپەك قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمقى نېستورىيان قەبرىلىرى قارا خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋرگە ئائىتتۇر. خرىستىيان دىنىنىڭ مۇۋەپپەقى-

www.uyghurkitap.com

يەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قوزغىلىشلىرىغا بولغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولدى ۋە يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن سىياسى ۋەزىيەت بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمانچىلىق ھەركەتلىرىنىڭ بىرسىنى قوزغىدى.

گورخان بۇ ھەركەتنىڭ بەك قورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ھەركەتنىڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتى بولغان كۆلىمىنى دەسلەپتىلا چۈشەنگەن بولۇشى كېرەك. ھەركەت خوتەن ھاكىمىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشى بىلەن باشلاندى. گورخان دەرھاللا ئەڭ يېقىن ئۆزىگە قاراشلىق مۇسۇلمان خانى — قارلۇقلارنىڭ باشلىقى ئارسلانخاندىن شۈبھىلەندى ۋە ئۇنىڭغا تېزلىكتە قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمچە ئەسكەر چىقىرىشنى تاپشۇردى. بۇنداق قىلىش بىلەن گورخان ئۇنى ياكى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا ياكى مۇسۇلمانلارغا قارشى بولغان سوقۇشقا ئىشتىراك قىلىشقا مەجبۇرلاش ئىدى. ئەگەردە ئۇ، مۇسۇلمانلارغا قارشى سوقۇشقا قاتناشقان تەقدىردىمۇ، بىر بانا تېپىپ بۇ قورقۇنۇچلۇق ئادەمنى يوقىتىش غەرىزىدە ئىدى. خان گورخاننىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلىدى. خاننىڭ قارا خىتاي ئەمەلدارلىرى ئىچىدە شامۇر تابانگور ئىسىملىك بىر دوستى بار ئىدى، بۇ ئادەم گورخاننىڭ غەرىزىنى ئارسلانخانغا ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئەگەردە، گورخاننىڭ غەرىزى ئەمەلگە ئېشىپ قالغان تەقدىردە، خاننىڭ پۈتۈن ئۇرۇق - ئەۋلادى قوشۇپ يوقىتىلىدىغانلىقىنى قوشۇپ ئېيتتى. شۇڭلاشقا، خان ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىسا، ئۆزلۈكىدىن زەھەر ئىچىپ، بۇنىڭدىن گورخاننى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسۇن، شۇنداق قىلغاندا، خاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى كۆتىرىلىشى مۇمكىن، دىگەن مەسلىھەتنى بەردى. ئارسلانخان باشقىچە يول تاپالماستىن، مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆردى. شامۇر تابانگور ئارسلان خاننىڭ ئورنىغا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئوغلىنى كۆتەردى. ئۇ، گورخاننىڭ ۋەكىلى بىلەن بىرگە قايالىق شەھىرىدە يۇرت سوراشقا باشلىدى.

قارا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىگە قاراشلىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن مۇسۇلمان ھاكىملىرى بىلەن بولغان كۆرەشنى باشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى. ئىمپېرىيىنىڭ شەرق تەرەپتىكى چېگىرىسىغا چىڭگىزخان مۇڭغۇلىيىدىن سۈرۈپ چىقارغان كۆچمەنلەر توپى يېتىپ كەلگەندىلا ئەھۋال ئۆزگەردى، بۇ توپنىڭ بېشىدا كۈچلۈك تۇردى. ئۇ بولسا غەربىي مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بولغان نايمانلار خانىنىڭ ئوغلى ئىدى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۈچلۈك يەتتە سۇغا (1209 - يىلى) يەتكەندىن كېيىن، گورخان ئالدىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن ئىكەن. باشقا بەزىبىر ماتېرىياللارغا قارىغاندا، كۈچلۈك قارا خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان بولۇپ، كېيىن گورخاننى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغان ئىكەن ۋە گورخاندىن ئۆزىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىنى بىر يەرگە توپلاشقا رۇخسەت ئالغان ئىكەن ھەمدە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە مېھرىۋانلىق كۆرسىتىپ تۇرغان ئادەمگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىكەن. قوزغىلاڭ كۆتەرگەن مۇسۇلمان ھۆكۈمە-

رانلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان خارەزىم شاھى مۇھەممەت بىلەن كۈچلۈك ئوتتۇرىسىدا گويا تۈزۈلگەن توختام ھەققىدە جۇۋەينىنىڭ يازغانلىرى زادى ئەقىلغا سىغمايدۇ. بۇ توختام بويىچە، كىم بىرىنچى بولۇپ گورخاننى مەغلۇپ قىلسا، شەرقىي تۈركىستان، غۇلجا ۋىلايىتى ۋە يەتتە سۇ شۇ غالىپ بولغان ئادەمگە قاراشلىق بولغان ئىكەن. خارەزىم سارىيىدىكى ئىشلار بىلەن يېقىندىن تونۇش بولغان ۋە مۇھەممەتنىڭ كۈچلۈككە ئېۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ بىرسىنى شەخسەن تونۇغان تارىخچى نەسەۋىنىڭ سۆزىچە، كۈچلۈك قارلۇق خانى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى مامدۇخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئىكەن، يەنى يەتتە سۇدىكى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ئىكەن. كۈچلۈك گورخاننىڭ ئۆزگەنتتە ساقلىنىپ تۇرغان غەزنىنى بۇلاپ كېتىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتلاردا (1210-يىلى)، خارەزىم شاھى سەمەرقەنت خانى ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ، تالاس ئەتراپىدا ئىلامىش دىگەن تۈزلەڭدە قارا خىتاي ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوڭ قانىتى تار-مار كەلتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭ ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەل بولمايدۇ. لېكىن، قارا خىتايلارنىڭ سەردارى تايانكو-تاراز مۇسۇلمانلار قولىغا ئەسىر چۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى چېكىنىدۇ. مىش-مىش گەپلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپتۈرۈلگەن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ دانا مۇشۇ ئۇتۇغىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بالا ساغۇن ئاھالىسى خارەزىم شاھىنىڭ تېزلىكتە بۇ شەھەرگە كېلىشىگە ھېچقانداق گۇمان قىلماستىن، قاراخىتايلار كېلىش ئالدىدىن شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالىدۇ. گورخاننىڭ خىزمىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ بايى مەخمۇت باي ئۇنداق قىلماستىن، ئىتائەتچان بولۇشقا قانچىلا دەۋەت قىلسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ. 16 كۈن مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن، قارا خىتايلار شەھەرنى ئىشغال قىلىپ 3 كۈن تالان-تاراج قىلىدۇ، شەھەردە 47 مىڭ مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە سۇ مۇسۇلمانلىرىنىڭ خارەزىم شاھىدىن كۈتكەن ياردەملىرى دىگەن يەردىن چىقمايدۇ. مۇھەممەت ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ماۋارائۇننەھردىلا تىكلىنىشىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ توختاپ قالىدۇ. كۈچلۈكمۇ قارا خىتايلار تەرىپىدىن بالا ساغۇن ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلىنىدۇ. گورخان غەزنىسى قارا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. گورخان ئەسكەرلەردىن ئۆز غەزنىسىنىڭ پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئەسكەرلەر ئىچىدە بۇنىڭغا نارازىلىق پەيدا بولۇپ، قوزغىلاڭ كۆتىرىلىدۇ. كۈچلۈك بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قارا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى بولىۋالىدۇ.

ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغان گورخان ئۆز دۈشمىنىگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. كۈچلۈك كۆرۈنۈشتە گورخاننى ھۆرمەتلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەختىدە ئۇ ۋاپات بولغىچە يەنە ئىككى يىل قالدۇرىدۇ. لېكىن، ئەمەلىي ھاكىمىيەت، ئەلۋەتتە، تولۇق كۈچلۈك قولىدا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى 1212 - يىلى يۈز بەرگەن بولۇشى كېرەك، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سەل ئەۋۋەلرەك، 1211 - يىلى يەتتەسۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە چىڭگىزخاننىڭ سەردارلىرىدىن بىرسى بولغان قۇبىلەي نويون باشچىلىقىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. قارلۇقلار باشلىقى ئارسلانخان (يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ۋە مامدۇخاننىڭ ئۇكىسى بولۇشى كېرەك) قارا خىتايلارنىڭ قايالىق شەھىرىدىكى نائىبىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ چىڭگىزخانغا ئىتائەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. غۇلجا ۋىلايىتىدە مۇسۇلمانلار كۆتىرىلىشى مەزگىلىدە يېڭى بىر ھاكىمىيەت تەشكىل قىلىنغان بولىدۇ. بۇرۇن ئات ئوغۇرلاپ بىر بۆلۈك قاراقچىلارنىڭ باشلىقى بولۇپ يۈرگەن بوزار ئىسىملىك مۇسۇلمان (جۇۋەينى بۇنىڭ ئىسمىنى ئوزار، دەپ يازىدۇ؛ جامال قارشى بولسا بوزار، دەپ يازىدۇ) كېيىن كۈچىيىپ كېتىپ، بۇ يەرنىڭ ئاساسىي شەھرى ئالمىلىقنى ئىگەللەپ، توغرۇل خان ئۇنۋانى بىلەن ئىدارە قىلىشقا باشلايدۇ. مەزكۇر بوزارمۇ ئۆزىنىڭ چىڭگىزخانغا بويسۇنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

موڭغۇللارنىڭ غەرپ تەرەپتىكى ئىلگىرىلەشلىرى 1211 - يىلى جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرىدا باشلانغان سوقۇشلار نەتىجىسىدە ئاستىلاپ قالىدۇ. موڭغۇللارنىڭ كۈچى ئىككىنچى تەرەپكە تارتىلغانلىقتىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك تار - مار كەلتۈرۈلگەن گورخانلار ئىمپىرىيىسىدە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى چىڭىتىۋالىدۇ. كۈچلۈك ھەممىدىن ئاۋال قوزغىلاڭغا ئاتلانغان مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. كۈچلۈك ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەركىتىدىن بۇرۇن ئۆزى پايدىلانغانلىقىنى بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. دىنىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، مۇسۇلمانلار گورخان ھۆكۈمرانلىقى بىلەن چىقىشالمىغانغا ئوخشاشلا، كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقى بىلەنمۇ ئەپلىشالماس ئىدى. كۆپچىلىك نايمانلارغا ئوخشاش، باشتا كۈچلۈكمۇ خىرىستىيان (نىستورىيان) دىنىدا ئىدى، كېيىن، كۈچلۈك گورخاننىڭ سابىق كېلىنى مەشھۇر قارا خىتاي ئايالىغا ئۆيلىنىدۇ.

بۇ ئايال كۈچلۈكنى ئېزىقتۇرۇپ بۇتپەرەسلىك يولىغا باشلىدى (ئېھتىمال بۇددىزىم بولۇشى كېرەك). بۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانچىلىق ھەركىتىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى — خارەزىم شاھى مۇھەممەت كۈچلۈكنى، خارەزىم ئەسكەرلىرىنىڭ قارا خىتايلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبە مېۋىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارغا تېگىشلىك غەنىيمەتلەرنى ئېلىۋالدى، دەپ ناھەق ئەيىپلىدى. خارەزىم شاھى كۈچلۈككە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ تەھدىت سالدى. ئەمما بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. خارەزىم شاھ گورخان ئىمپىرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كۈچلۈكنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇش بىلانلا قالماي، ھەتتا سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆزىنىڭ يەرلىرىدىنمۇ (بىر نەچچە قەلئەلەردىن باشقا) ۋاز كەچتى ۋە بۇ جايلار كۈچلۈككە قالىدىغان بولدى، دەپ ئۇ يەرلەرنى ئۆزى ۋەيران قىلدى.

مۇھەممەت شەرقىي تۈركىستاندا كۈچلۈكنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشىغىمۇ دىگەندەك پۈتىلىكاشاڭ بولالىدى. كۈچلۈك شەرقىي تۈركىستانغا بېسىۋېلىش ھەربىي يۈرۈشى قوللانغا-نىدىن، پەقەت ئۇما ۋاقىتتا 3 - 4 يىل قاتار ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھۇجۇملارنىلا قىلدى. ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئاھالىلار ئاخىر كۈچلۈككە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادى-لىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، كۈچلۈك ئىسلامغا قارشى كەڭ كەسكىن چارىلار قوللاندى. ئۇ، مۇسۇلمانلارغا خىرىستىيان دىنىنى ياكى بۇددىزىمنى قو-بۇل قىلىڭلار، دەپ تەلەپ قويدى. ئەگەردە ئۇنىمىساڭلار كۆرۈنۈشتە ئۆز دىنىڭلار-دىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، خەنزۇچە كىيىم كىيىڭلار، دەيدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كۈچلۈك خۇددى لىيۇدۇڭ XIV گوگىنوتلارغا قارشى قوللانغان چارىلارغا ئوخشاش ۋاس-تىلارنى قوللاندى، يەنى ھەر بىر ئائىلىگە ئەسكەر تۇرغۇزدى. كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرى ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە بۇ ئەسكەرلەرگە بويسۇنمىغۇچىلارغا قاتتىق چارە كۆرۈش ھوقۇقلىرى بېرىلدى. مۇسۇلمانلارغا يىغىلىپ ئىبادەت قىلىش ۋە دىنىي دەرسلىرىنى ئۆتۈش قەتئىي مەنئى قىلىندى.

كۈچلۈك ئۆز يەرلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرگەن بوزارنى ئەسىرگە ئالدى. كۈچلۈك ئۆزىنىڭ بۇ دۈشمىنىنى ئۆلتۈرۈپ، ئالمالىقنى قورشىۋالدى. لېكىن، 1217-يىلى غەرب تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈشىنى باشلىغان موڭغۇللارنىڭ يېقىنلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئالمالىقتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 1218 - يىلى جېبە — نويون قوماندانلىقىدا 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن كۈچلۈككە قارشى ئېۋەتىلدى. كۈچلۈكنىڭ ئالمالىقنى قورشاپ تۇرغان ئەسكەر-لىرى جايلىرىدىن چېكىنىدى. جېبە بوزارنىڭ ئوغلى سوقۇناق تېگىننى ئالمالىقتا باشلىق قىلىپ قويدى. موڭغۇل قوماندانى جېبە - نويون كۈچلۈكنىڭ يەرلىرىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى ھەربىر ئادەم ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دەپ جاكارلىدى. مۇشۇنداق جاكارلاشنىڭ ئۆزى مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى تەقىپ قىلغان ئادەملەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئېلىپ كەلدى. كۈچلۈك يەتتەسۇ يەرلىرىدىكى تاغلىق يوللارنىڭ بىرسىدە موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن، ئەسكەرلىرى تولۇق تارمار قىلىنىپ، ئۆزى قەشقەرىيىگە قېچىپ كەتتى. ئېھتىماللارغا كۆرە، بالاساغۇننى موڭ-غۇللار قارشىلىقسىز ئىگەللىۋالدى. شۇڭلاشقا «ياخشى شەھەر» دىگەن مەنىدىكى «گوبالىق» دى-گەن نامغا ئىگە بولدى. موڭغۇللارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىتائەت قىلغان شەھەرلەرگە موڭغۇللار ئومۇمەن مۇشۇنداق ناملارنى بېرەتتى. قەشقەرىيىدە مۇسۇلمانلار كۈچلۈكنىڭ ئۆز قورولىرىغا جايلاشتۇرۇپ قويغان ئەسكەرلىرىنى تولۇق يوقاتتى. موڭغۇللارنى بولسا ئۆزلىرىنى قۇتقازغۇچىلار سۈپىتىدە قارشى ئالدى. موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە يولغا قويۇلغان قاتتىق ئىنتىزام نەتىجىسىدە، قەشقەرىيىنىڭ تىنچ ئاھالىسى ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە يولۇقمىدى. كۈچلۈك سارىقول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەن يەرگە قاچتى ۋە ئارقىدىن قوغلاپ بارغان موڭغۇللار تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

× × × × ×

---

ئىزاھات:

قارا خىتايلارنىڭ شەرقتىكى ئىمپېرىيىسى ھەققىدە پىروفېسسور ۋ. پ. ۋاسىلىيېۋنىڭ «قەدىمقى زامان تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئوپپېرت ۋە تارىنكېي ئەسەرلىرىدە قارا خىتايلار ھەققىدە مەلۇماتلار تولۇپلىمى تۈزۈشكە بولغان ئىنتىلىشلارنى كۆرىمىز. 15 - ئەسىردىكى ۋەقەلەر يازغۇچى مىرخونت ئۆز مەلۇماتلىرىنى 13 - ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى جۇۋەينىدىن ئالغان. مىرخونتنىڭ يازغانلىرىدىن ئوپپېرت پايدىلانغان. جۇۋەينى باشقا مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىغا قارىغاندا، قارا خىتايلار توغرۇلۇق تەپسىلى مەلۇمات بېرىدۇ. لېكىن بىز جۇۋەينىنىڭ بايانلىرى ئىچىدە كۆپلىگەن بىر - بىرىگە زىت نەرسىلەرنى يولۇقتۇرىمىز. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ يازغانلىرىدىن بەك ئېھتىيات بىلەن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن جۇۋەينىنىڭ قارا خىتايلار ھەققىدە يېزىلغان ئىككى قوليازمىسىدىن پايدىلاندىم. بۇ قولىيازما فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، دوسسوننىڭ «موڭغۇل تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 - تومىغا بېرىلگەن.

(ۋنتفوگېل - فېڭ جىياشېڭنىڭ «لياۋ» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. كىدانلار توغرۇلۇق دۇماننىڭ «تارىخقا دائىر» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. رودوفنىڭ «كىدانلار» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئىلمىي ئىشلاردا پايدىلىنىلىۋاتقان جۇڭگو ساياھەتچىلىرىنىڭ قارا خىتايلار ھەققىدە بەرگەن قىممەتلىك مەلۇماتلىرىنى چىتاۋانىس، ۋورويا گېرتسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرۈڭ. ۋ. رومودىن)

(قارا خىتايلار تىلىنى پېلىيوت قاتتىق دەرىجىدە پاتالىزاتسىيە قىلىنغان (يۇمشالغان) موڭغۇل تىلى، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى ياپون ئالىملىرى قارا خىتايلارنى تۇنغۇس قەبىلىلىرى دەپ خاتا ھالدا مۆلچەرلەپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ تىلى زادى قانداق تىل ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ھازىر ئىمكانىيەت يوق، لېكىن بۇ تىلنىڭ موڭغۇل تىلى بىلەن باغلىنىشى بولغانلىقىغا ئاساسلار بار دەپ ھىساپلايدۇ. قارا خىتايلارنىڭ تۇنغۇسلار بىلەن ئېتنىك باغلىنىشلىرى توغرۇلۇق مۆلچەرلەر مەسىلىسىدە زالكىندنىڭ «كىدانلار»، ۋاسىلىيېۋىچنىڭ «كىدان ۋە تۇنغۇسلار ھەققىدىكى مەسىلىگە دائىر» دېگەن ئەسەرلىرىگە قاراڭ. ۋ. رومودىن)

# VI

## چاغاتاي دۆلىتى پارچىلىنىشقا قەدەر بولغان موغۇللار *

بىزگە شۇنىسى روشەنكى، يەتتە سۇ ۋە شەرقىي تۈركىستان موغۇللارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىتائەت قىلدى. شۇڭلاشقا جۇڭگو، ماۋارائۇننەھر ۋە غەربىي ئاسىياغا سېلىشتۇرغاندا، موغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدىن ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە يولۇقمىدى. يەتتە سۇغا موغۇللار كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىنكى يىللاردا، ئۇ يەرلەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ ئەلنى مەدەنىيەتنى ياشناپ تۇرغان بىر ئەل قىلىپ بايانلايدۇ. شۇنداق ساياھەتچىلەرنىڭ بىرسى 1212 - يىلى چىڭگىزخانغا ئۇنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىدە ھەمرا بولغان جۇڭگولۇق ئەمەلدار يېلۈي - چۇسەيدۇر؛ يېلۈي - چۇسەي ئالمىلىق شەھرىدە كۆپرەك توختىلىدۇ. ئالمىلىقتا، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا 8 - 9 شەھەرنىڭ ئىتائەت قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بىر يەرلەردە مېۋە - چېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، دېھقانچىلىقتا خەنزۇلارغا ئوخشاشلا بەش خىل زىرائەتنىڭ ھەممىسىنىلا تېرىيدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىدە تالاسقا بارىدىغان يول ئۈستىدە غەربىي لياۋنىڭ پايتەختى خۇسۇن ئوردۇ جايلاشقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بىر قانچە ئونلىغان شەھەرلەر ئىتائەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. 1220 - يىلى، چىڭگىزخانغا ئۇ شۇ غەربكە يۈرگەن چاغلاردا جۇرجىن (女真人) ئىمپېراتورىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ۋۇگۇسۇن دېگەن ئادەم ئەۋەتىلىدۇ. مۇشۇ ۋۇگۇسۇننىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، شۇ چاغلاردا قارا خىتايلاردىن بەك ئاز ئادەم قالغان ئىكەن. مۇشۇ قالغان

* موغۇللار تارىخىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى مېنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر تۇغرىسىدىكى دوكلات» دېگەن كىتاۋىمنىڭ مۇقەددىمىسىدە ساناپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەڭ ياخشى كىتاپلارنىڭ بىرسى — مەن ئەسكەرتىپ ئۆتكەن دوسسوننىڭ كىتاۋىدۇر (مەزكۇر كىتاپنىڭ 5 - بابىغا قاراڭ). دوسسون، ئاساسەن، جۇڭگو ۋە ئىراندىكى موغۇللار تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موغۇللار تارىخى ھەققىدە ئاز بايانلايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موغۇللار تارىخى ھەققىدە دوسسوندىن كېيىنكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئاز سۆزلەيدۇ. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەققىدە جۇۋەينىنىڭ كىتاۋىدىكى بايانلارنى دېفرېمېرى نەشرىياتى فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىنى ئېلىپ نەشر قىلغان. شۇ زاماندىكى

(داۋامى 42 - بەتتە)

ئادەملەرمۇ خۇي گۇ (回鹘) لارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قوبۇل قىلىپ، شۇلارچە كىيىم - كېچەك كىيىدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن. «خۇي گۇ» دىگەن ئاتالغۇ بىلەن خەنزۇ يازغۇچىلىرى بەزىدە ئومۇمەن مۇسۇلمانلارنى ئىپادىلىگەن، بەزىدە تۈركلەرنى ئىپادىلىگەن، كۆپىنچە، ئۇيغۇرلارنى شۇ نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن. بۇ تېرمىننى مۇشۇ ئورۇندا مۇسۇلمانلار مەنىسىدە قوللانغان بولسا كېرەك. موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ۋەزىيەتنىڭ تەبىئى خۇلاسىسى ئىسلامنىڭ قۇۋۋەت تېپىشىدىن ئىبارەت بولدى. يەتتەسۇ مۇسۇلمانلىرى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ خىرىستىيان دىنىدىكى ۋەكىللىرىگە قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقلىرى بىلەن كۆپ پەرقلىنىپ تۇراتتى. ۋۇگۇسۇن ئېلىدا تۇرغان خۇيىگۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە يەتتە سۇدىكى مۇسۇلمان خۇيگۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە قاتتىق قىلغىنى قارشى قويۇپ سېلىشتۇرىدۇ. ئېلىدىكى خۇيگۇلار ئاجىز ۋە يۇمشاق خاراكتېرى بىلەن پەرقلەنگەن، قاتتىلىقلاردىن ئۆزىنى تارتقان ۋە دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلغان.

1221 - يىلى چىڭگىزخان داۋجىياۋ (教道) دىنىدىكى خەنزۇلارنىڭ راھىبى چيۇ چۇجى دىگەن ئادەمنى غەربىي ئاسىياغا چاقىرتىپ ئېپكەلدى. چيۇ چۇجى ئۇيغۇردىيە ئارقىلىق غۇلجا ۋىلايىتىگە كەلدى. ئالمىلىق شەھرىدە شۇ چاغدا يەرلىك ھاكىم بىلەن بىر قاتار موڭغۇللار ۋەكىلى داروغاچى باشقۇرۇپ تۇردى. دىخانلار يەرلىرىنى ئوبدان ئىشلەنگەن ئېرىقلار سىستېمىسى بىلەن سۇغۇرۇپ تۇراتتى. سۇ توشۇيدىغان كوزىلىرىنى بېشىغا قويۇپ ئېلىپ ماڭاتتى. چيۇچۇجى ئىلى دەرياسىدىن 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئالمىلىق شەھرىدىن ئۆت كۈن يىراقلىقتىكى جايدا كېچە بىلەن ئۆتكەن (بۇ يەر، ئېھتىمال

---

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت كىتاپلاردىن، جامال قارشىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 4 - بابىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، 15 - ئەسىر يازغۇچىلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان كىتاپلىرىدىن بەك ئاز قىسىملىرىلا بىزگە يەتتى.

مەسىلەن، تۆمۈر لەڭ تارىخىغا شەرەپىددىن يەزدىنىڭ يازغان كىرىش سۆزى (بۇكىرىش سۆز پېتى دېلە كىروئانىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن. 1887 - 1888 - يىللاردا كالكوتتىدا نەشر قىلىنغانىدىمۇ كىرگۈزۈلمىگەن ئىكەن). 1926 - يىلى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «موڭغۇلشەجەرىسى» (نەسىل - نەسەپشەجەرىسى) (مەن بۇنىڭ پارىژدىكى قول يازمىسى) دىن پايدىلاندىم.

1414 - يىلى ئەتراپىدا مۇسەۋۋى تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى ھەيرەت»، بۇ قول يازما لوندون ۋە ئوكسفورت شەھەرلىرىدە ساقلانغان بولۇپ، مەن شۇ چاغلاردا ئاسىيا مۇزېيىخانىسىدا ساقلانغان ئۈچىنچى قول يازمىسىدىن پايدىلانغان

( داۋامى 43 - بەتتە )

چارىنىڭ قۇيۇلىدىغان يېرىدىن يىراغراق بولمىسا كېرەك). بۇ دەريانىڭ جەنۇپ تەرىپىدە بوغۇتا تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كىچىككىرەك بىر شەھەر بار ئىدى. ساياھەتچى كاستېلنىڭ دېگەن داۋاندىن ئۆتۈپ، ئاي ئاخىرىدا بىر مۇسۇلمان شەھرىگە يېتىپ كەلگەن، بۇ يەردە 30 سانتىمېتىر (بىر ئىنگلىزچى) قېلىنلىقتا قار ياققان. لېكىن، ئاپتاپ چىققاندىن كېيىنلا بۇ يەرلەردىكى قارلار ئېرىپ كەتكەن. 11-ئاينىڭ 1-كۈنى چۇ دەرياسىدىن تاختايدىن ياسىغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئالېكساندىروۋسكى ناملىق تاغ تىزمىسىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى. چۇ دەرياسى بىلەن تالاس ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەردە، بۇ يەردىكى ئاھالىلار دېھقانچىلىق بىلەن ۋە شۇنىڭدەك يېپەكچىلىك ۋە شاراپچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ جايلار ئاۋال غەربىي لياۋ دۆلىتىنىڭ جايلاشقان ئورنى بولغان ئىكەن. بۇ يەردە جۇڭگودا ئۆسىدىغان مېۋىلەر ئۆسىدىكەن. سۇ ئېتىزلارغا مەخسۇس ياسالغان ئېرىقلار بىلەن ئاپىرىلىدىكەن. چيۇچۇجى 1223-يىلى قايتىپ يولغا چىققانىدا، ئىلى دەرياسىدىن ئالمىلىق شەھرىگە بار-يوقى 100 لى-چاقىرىم (رۇس ئۆلچىمىدە 30 چاقىرىم ئۆپچۆرىسىدە) كېلىدىغان يىراقلىقتىكى جايدىن ئۆتكەن. چيۇچۇجى ئالمىلىق شەھرىگە يېتىپ كەلگەندە، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئورۇنلاشقان چاغاتاي ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنغان. چيۇچۇجى يۇرتىغا بالدۇرراق يېتىۋالاي دەپ ئالدىراپ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان.

چيۇچۇجىنىڭ سۆزلىرىدىن چىڭگىزخان ئۆزى ھايات چېغىدىلا ئوغۇللىرىغا ئايرىم-ئايرىم جايلارنى بۆلۈپ بەرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ چۈشەنچىسىچە، بۇ چوڭ ئىمپېرىيە (دۆلەت) پۈتكۈل خان ئۇرۇغىنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلىنىپ، خان

---

ئىدىم. ئۇلۇغبەگنىڭ «تۆت ئۇلۇس تارىخى»، بۇ ئەسەرنىڭ بىزگە بەك قىسقارتىلغان ھالدا ئىنگلىزچە تەرجىمىسى يېتىپ كەلگەن (مايلس تەرجىمە قىلغان «شەجەرەئى ئەل تۈرك»كە قاراڭ).

[ بار تولددىن كېيىن، يەتتە سۇنىڭ شۇ چاغدىكى دەۋرىگە بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلمىدى. تۈركىستان تارىخىغا ئومومەن چىڭگىزخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىللارنىڭ تارىخىغا (1269-يىلىغىچە)، بارتولد تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ 1-تومىغا كىرگۈزۈلگەن «تۈركىستان» دېگەن ئەسەرنىڭ 5-بابى بېغىشلانغان. بارتولد ئەسەرلىرىنىڭ 1-تومىدا كۆرسىتىلگەن كىتاپلار روييختىدە مۇشۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى يېڭى كىتاپلارمۇ كۆرسىتىلدى. چاغاتاي دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە بېغىشلانغان يېڭى ئەسەرلەر قاتارىغا ستروپيۋ يازغان «كۆچمەن ۋە ئولتۇراقلىق يۇقۇرى قاتلام كۈرىشى»، ماسسوننىڭ «تارىخىي ئوچېرك» دېگەن ئەسەرلىرى كىرىدۇ — ۋ. رومودىن ]

ئۇرۇغىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى بۇ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلىنىشقا ھەقلىق بولغان. شۇڭلاشقا، چىڭگىزخان ئۆزى ھايات چېغىدىلا ئۆزىنىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلىنىڭ ھەر بىرسىگە كەڭ يەرلەر ۋە مەلۇم ساندا كۆچمەن قەبىلىلەر (ئۇلۇس) ئاجرىتىپ بەرگەن، بۇنى شۇ چاغدا ئىنچىسى دەپ ئاتىغان، ھەر بىر ئۇلۇس ھەربىي قوشۇنلار چىقىرىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان، بۇ قەبىلىلەرگە ئۆزلىرىنى تەمىن قىلىدىغان بوش يەرلەرنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن، بۇ بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن جايلارنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەن چېگرىسىمۇ بولمىغان، تەخمىنەن ئومۇمىي ھالدىلا كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئىكەن. ئەڭ ئاۋۋال چىڭگىزخان چوڭ ئوغلى جۇجىنى 1207 - يىلى ئەتراپىدا بۆلۈپ چىقىرىپ، سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن ئېرتىش دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «ئورمان ئىچىدىكى خەلقلەر» نى باشقۇرۇشنى تاپشۇرغان ①. راشىددىننىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، جۇجىنىڭ باش ئوردىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بولغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۆرپ-ئادەتنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق ھالدا، چىڭگىزخان چوڭ ئوغلىغا ئۆز جايلىرىنىڭ ئەڭ يىراق ئۆلكىلىرىنى بۆلۈپ بەرگەن، تېخى چىڭگىزخان ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرمىغان، ئەمما يېقىن كېلەچەكتە بويسۇندۇرسەن، دەپ ئويلىغان غەرب تەرەپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىلا سېنىڭ بولسۇن، دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن ئىكەن، چىڭگىزخان ۋاپات بولغان يىلى جۇجىغا قارايدىغان يەرلەرنىڭ تەركىۋىگە يەتتە سۇنىڭ شىمالىي تەرىپى ۋە ھازىرقى قازاق دالىسى، خارەزىم ۋە مازاندارا كىرگەن ئىكەن. چاغاتايغا تېگىشلىك يەرلەر ئۇيغۇرىيەدىن باشلاپ سەمەرقەنت، بۇخاراغىچە ھەمدە ئالتاينىڭ جەنۇبىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ جايلار كىرگەن. ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگدەينىڭ باش ئوردىسى تارباغاتايدا ئېمىل ۋە قوبۇق دەريالىرى بويىدا بولغان. ئۆگدەيگە بېرىلگەن جايلارنىڭ چەك - چېگرىسى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن ②. كىچىك ئوغلى تولۇيغا ھېچقانداق جاي بۆلۈپ بېرىلمىگەن. چۈنكى، شۇ ۋاقىتلاردىكى ياپلاق كۆچمەنلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە كىچىك ئوغۇل دادىسىنىڭ ئەسلى ماكانىغا ۋە ئەسكەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەندۇق. ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھەربىرسىگە 4 مىڭ نەپەر مۇنتىزىم موڭغۇل ئەسكىرى تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، بۇلاردىن باشقا، ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئۇلۇسلارنىڭ ۋە ئۆزلىرى بويسۇندۇرۇۋالغان خەلقلەرنىڭ خېلى دەرىجىدىكى قوشۇنلىرىمۇ بۇلارنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقى مەلۇم.

---

① بۇ مەلۇمات چيۈچيۈجىنى خاتىرىلىرىدىن ئېلىنغان، كافاروۋ تەرجىمىسىنىڭ 132 - بېتىدە.

② چىڭگىز بالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇپىلى يەر تەقسىماتىنى جۇۋەينى بايانلايدۇ. كازىۋىنىي نەشرى، 1 - توم، 31 - بەتكە قاراڭ.

... دېمەك، چىڭگىز ئىمپېرىيىسىنىڭ بېك كەڭ بولۇشىغا قارىماي، دەسلەپكى چاغلاردا چىڭگىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلىنىڭ ئوردىلىرى (قارار گاھى) ئۆز ئارا بىر بىرىدىن يىراق بولمىغانلىقى روشەن. دانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا دەسلەپتە ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن ئۇلۇسلار كېيىنكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش يېرىم مۇستەقىل دۆلەت بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خان ئۇرۇغىنىڭ ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەر شۇ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا لازىم كىرىم مەنبەسى بولغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئىمپېرىيىنىڭ باشلىقىغا ئىتائەت قىلغان ھالدا تۇرغان. تەرەققى تاپقان جايلار بويسۇندۇرۇلغاندا ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىملەر بىرەر شاھزادىنىڭ مۈلكى (ئېنچىسى) قىلىپ بېرىلمەستىن، ھەممىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. بويسۇندۇرۇلغان شەھەرلەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ كىرىم مەنبەسى بولىدۇ، دەپ ھېسابلانغان. بۇ قول ھۈنەرۋەنلەر شاھزادىلارنىڭ قارىمىقىغا تاپشۇرۇلغان، ئۇلار قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆزلىرى خالىغان بىرەر شەھەرگە تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا مەلۇم خىزمەت تاپشۇرغان①. شاھزادىلار ئالۋان-سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىش مەنئى قىلىنغان. سېلىق يىغىش ئۈچۈن ۋە شۇنىڭدەك ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئىمپېرىيىنىڭ باشلىقى ئالاھىدە نائىبلار (ۋالىلار) بەلگىلىگەن، ئەمما بۇنداق تۈزۈم ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلىپ تۇرالمىغان. ئۇلۇغ خان تەرىپىدىن ئىمپېرىيە مەركىزىدىن يىراق جايلاردىكى يەرلەرگە قويۇلغان ۋالىلارنىڭ ئابروي-ئىناۋىتى، قوللىرىدا ئەسكىري كۈچ تۇتۇپ تۇرغان يەرلىك شاھزادىلارنىڭ ئابروي-ئىناۋىتى بىلەن بولغان رىقابەت كۈرىشىدە بەرداشلىق بېرەلمىگەن. كېيىن تەدرىجى ھالدا بۇ شاھزادىلارنىڭ قولىغا بارلىق ھاكىمىيەت ئۆتۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېرىيە بىر نەچچە مۇستەقىل دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئۆگەدەي پادىشالىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا (1229 — 1241) ئىمپېرىيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ساقلىنىپ تۇرۇلدى. خان ئۇرۇغىنىڭ بىرلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش پرىنسىپى ئۆگەدەي يۇرت سوراپ تۇرغان چاغدا بەك ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ كېلىندى. پۈتۈن ئىمپېرىيىگە مۇناسىۋەتلىك چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، ھەر بىر ئۇلۇسنىڭ باشلىقى ئۆزلىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئادەملەرنى بەلگىلەپ، مەركەزگە ئېۋەتىپ تۇردى. ھەربى يۈرۈشلەر بولغان چاغلاردا، ھەر بىر ئۇلۇس بىرەر شاھزادىسىنى بەلگىلەپ ھەربى يۈرۈشكە قاتناشتۇردى. يېڭى يەرلەرنى بويسۇندۇ-

① رۇبرۇكنىڭ قورال ياسايدىغان نېمىس ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چاغاتاي شاھزادىسى بۈرىنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، كېيىن تالاسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرىغا قاراڭ. بۈرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ مۆنككې خان بۇ ھۈنەرۋەنلەرنى بۈرتالا ۋادىسىدىكى پۇلات شەھىرىگە كۆچۈرگەن.

رۇۋالغاندا، ئۇ يەرلەرگە ئۇلۇغ خان تەرەپتىن قويۇلغان نائىپلار (ۋالىلار) نىڭ يېنىدا شاھزادىلار ئېۋەتكەن ۋەكىللەرمۇ بولۇپ تۇردى. بىزنىڭ بۇ يەردە خانئۇزرۇغى ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارا كېلىشىپ بىرلىكتە چىقارغان قارارلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ سېلىق ئۆلچەملىرىنى بەلگىلەشكە مۇناسىۋەتلىك قارارلار توغرىسىدا، ئەلچىلەرنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئاپىرىش ئۈچۈن پوچتا بېكەتلىرى ئورنىتىش، خەۋەر بۇيرۇق ئېلىپ ماڭغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار ۋە شۇنىڭدەك سۈيى يوق يايلاقلارنى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، يايلاق دائىرىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئۈستىدە تەپسىلى توختاپ ئۆتۈشكە ئىمكانىيىتىمىز يوق①.

جۇجى قارىمىقىدىكى يەرلەرنىڭ ئىمپېرىيە باشلىقى بىلەن بولغان ئىتائەت مۇناسىۋىتى بەك قويۇق ئەمەس ئىدى. جۇجىنىڭ ئۆزىدە مۇستەقىل بولۇشقا ئىنتىلىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. پەقەت جۇجىنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىنلا، ئاتا بىلەن بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ سوقۇش بولماي قالدى. جۇجى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى قارىمىقىدىكى يەرلەرگە يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، يەتتە سۇنىڭمۇ بىر قىسمى كىرەتتى. جۇجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئوردانىڭ قارار گاھى 1246 - يىلى بۇ يەرلەرگە پلانوكارپىنى كەلگەن چاغدا ئالا كۆل كۆلىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن سەل غەرپتىرەك قارا خىتايلارنىڭ بۇرۇنقى يېرىدە، ئېھتىمال يەتتە سۇنىڭ ئۆزىدە، جۇجىنىڭ 2 - بىر ئوغلى شەيبانىنىڭ قارارگاھى ئورۇنلاشقان ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ 2 - ئوغلى پۈتۈن ئىمپېرىيە بويىچە، ئۇرۇغ ئىچىدىكى بىر ئاقساقال ۋە چىڭگىزخاننىڭ ھايات چېغىدىلا موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنى ياسانىڭ ئىجراسىغا نازارەتچى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئادەم سۈپىتىدە چوڭ ئابروي - ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. چاغاتاينىڭ يازدا تۇرىدىغان جايى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئىچىدە — ئالمىلىق شەھىرىدىن يىراق بولمىغان كۆك نامىدىكى ئېگىز تاققا يېقىن قۇياش (قاش دەرياسى بويىمىكىن - يە — ئۇ. س.) دىگەن جايدا ئىدى. قىش پەسلىنى مىرا ئۇزۇق-ئىلى دىگەن جايدا ئۆتكۈزەتتى، ئېھتىمال، بۇ ئورۇنمۇ ئىلى دەرياسى ياقىسىدا بولسا كېرەك. چاغاتاي قۇياش دىگەن جاينىڭ يېنىغا قۇتلۇق (بەختلىك) نامىدا بىر كىچىك شەھەر (يېزا) نىمۇ بىنا قىلغان ئىدى. چيۇچۇجىنىڭ بايان قىلغانلىرىغا قارىغاندا، چاغاتاينىڭ ئوردىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولغان. ئېھتىماللارغا كۆرە، چاغاتاينىڭ ئىز باسارلىرىمۇ شۇ يەرنى ئۆزلىرىگە قارارگاھ قىلغان بولسا كېرەك. جۇۋەينى بۇ جاينى ئۇلۇغ ئىنى (ياكى ئىق) دەپ ئاتايدۇ. جامال قارشى چاغاتايغا تېگىشلىك يەرلەرنىڭ

① بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى دوسسوننىڭ «موڭغۇل تارىخى» 2 - توم، 63 - بېتىدىن چيۇچۇجى خاتىرىسىنىڭ كافاروف تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ 158-، 159 - بەتلىرىدىن كۆرۈڭ.

ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان جايلارنى ئىلى ـ ئالارغۇ دەپ ئاتايدۇ (ئىلى ـ ئالاقى دەپ يېزىلغان ئورۇنلارمۇ يولۇقىدۇ). ئىلى ئالارغۇ ۋىلايىتىنىڭ چوڭ شەھىرى ئالمىلىق ئىدى.

چاغاتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا ياسا (چىڭگىزخاننىڭ ئادەت قانۇنى) غا مۇناسىۋەتلىك پات ـ پاتلا توقۇنۇش بولۇپ تۇراتتى. شامان دىنىدىكى ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش، موڭغۇللارمۇ دىن ئەركىنلىكىگە شەرتسىز يول قويىدى ۋە ھەممىلا دىندىكى دىنىي زاتلارغا باراۋەر ھۆرمەت قىلدى ھەمدە دىنىي زاتلارنى ھەر قانداق ئالۋاڭ ـ سېلىقتىن ئازات قىلدى، پەقەت يەھۇدى دىنىدىكى روھانىيلار ـ راۋۋىنلار بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم ئىدى. مۇبادا، ئىمپېرىيىدىكى بارلىق دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ تولۇق باراۋەرلىكى ئاساسىدا دىنلار ئارىسىدا تېچلىق ـ ئەمەلىيلىك بولماي قالغان بولسا، بۇ ئىش ئۆز ئارا رىقابەتلىشىۋاتقان ھەر خىل دىن ۋەكىللىرىنىڭ موڭغۇل خانلىرىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش ئۈچۈن ئۆز رەقىبلىرىنى قارىلاپ بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشى نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. مەدەنى خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن پەقەت مۇسۇلمانلارلا (ئاساسەن تاجىكلار) ۋە ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ، ئىمپېرىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ چوڭ رول ئوينىدى ۋە خانلار ئالدىدا ئىناۋىتى بار ئىدى (باشقا تائىپىلەردىن بولغانلار ئاز ئۇچرايدۇ). ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى خىرىستىيان دىنىغا، بىر قىسمى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق دۈشمەنلىرى ھېسابلىناتتى ①. تۆرلۈك دىن ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت ۋەكىللىرىنىڭ دىنىي دۈشمەنلىكى ۋە سىياسى رىقابىتى باشقا يەرلەرگە قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ جىددىي تۈس ئېلىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالىدى، چۈنكى بۇ يەردە ھەر ئىككى پىرقىنىڭ كۈچلىرى تەخمىنەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ چاغلاردا غۇلجا ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى ۋىلايەتلەردە ئىسلام دىنى كۆپچىلىك ئېتىقات قىلىدىغان دىن ئەمەس ئىدى②. بۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانلار ياشايدىغان ۋىلايەتلەردە، شۇ قاتاردا يەتتەسۇنىڭ ئۆزىدىمۇ، باشقا دىندىكى ئادەملەرمۇ خېلى يولۇقاتتى. پىشپەك ۋە توقماقتىكى قەۋرىستانلىقلار چۇ دەرياسى ۋادىسىدا نىستورىيان دىنىدىكىلەرنىڭ يېزىلىرى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 1253 ـ يىلى يەتتە سۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قايالىق دېگەن جايدىن 13.5 چاقىرىم شىمال تەرەپتىرەك رۇبرۇك پۈتۈن ئاھالىسى نىستورىيان دىندىكىلەر بولغان يېزىغا كەلگەن ۋە بۇ يەردە نىستورىيانلارنىڭ چىركاۋ ـ ئىبادەتخانىلىرىنى كۆرگەن. ئاخىرىدا، ئىسسىق كۆل ياقىسىدا

---

① رادلوفنىڭ «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ 61 ـ بېتىگە قاراڭ.
② راھىپ چىيۇ چۇجىنىڭ كافاروۋ تەرجىمە قىلغان خاتىرىلىرىنىڭ 303 ـ بېتىگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

ۋە شۇ نامدىكى بىر يېزىدا 14 - ئەسىردىلا ئەرمەنلەرنىڭ ماناستىرى بولغان بولۇپ، گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 شاگىرتىنىڭ بىرسى بولغان (ھاۋارى) مات فىيىنىڭ جەسىدى ساقلانماقتا ئىكەن.

چاغاتاي خىرىستىيان دىنىدىكىلەرگە ھامىلىق كۆرسىتىپ كەلگەن. ماركوپولو — چاغاتاينىڭ ئۆزى خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان ئىدى، دىگەن بىر ئەپسانىنى كەلتۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىككىنچى تەرەپتىن شەرىئەتنىڭ بەزى قائىدىلىرى ياسادا كۆرسىتىلگەن بەزى تەرتىپلەر بىلەن زىت كېلىپ قالدى، دەپ، چاغاتاينىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ كەلگەن. مەسىلەن: ياسادىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئېقىۋاتقان سۇغا كىرىش مەنئى قىلىنغان. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ تەرەت ئېلىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قويغان. خۇددى شۇنىڭدەك، ھايۋانلارنى بوغۇزلاپ تامىقىنى كېسىپ تاشلاش مەنئى قىلىنغان. مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن، مۇسۇلمانلار چاغاتاينى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا بەك ئۆچ ئىكەن، دەپ ھىساپلىغان. چاغاتاينىڭ ئۆلۈشىگە بېغىشلانغان بىر شېئىردا، خەلقلەرنى قورقىتىپ سۇغا چۈشۈرمەي تۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزى بۈگۈن ئەجەل ئوكيانىدا غەرق بولدى، دەپ يازغان ئىكەن. شۇ زاماندا ئۆتكەن بىر ئادەم①: چاغاتاي زامانىسىدا ھەر قانداق بىر كىشى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئېتىنى ئاتىماق بولسا، ئالدىدا ئۇنى بىر تىللاپ سۆكمەي تۇرۇپ ئېيتالمايدۇ، دەپ گۇۋالىق بېرىدۇ. كېيىنرەك ئۆتكەن بىر يازغۇچىنىڭ② سۆزىگە قارىغاندا، چاغاتاي كىمدە - كىم ئۇنىڭغا بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلسا 500 دىنار سۆيۈنچە بېرىدىكەن. چاغاتاينىڭ بۇيرۇغى بىلەن 1229 - يىلى (ھىجرىيە 626 - يىلى) مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇپ سەككاكى ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن، بۇنىڭ قەۋرىسى 16 - ئەسىردە ئىلە دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بولغان ئىكەن③.

ئەمما بىز چاغاتايغا ئەڭ يېقىن ئادەملەر ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىناۋەتلىكى قۇتبىدىن ھەبەش ھامىد دىگەن ئادەم بولۇپ، باي مۇسۇلمان سودىگەرلىرى قاتارىدىكى ئادەم بولسا كېرەك. بۇ ئادەم موڭغۇل ئىمپىرىيىسىدە ئومۇمەن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئادەم ئىدى. تارىخچى ۋەسساف دىگەن ئادەم ئۇنىڭ بايلىقىنى بەك ماختاپ يازىدۇ. چوڭ يەرلەرنى سوراپ تۇرغان سۇلالىلەر (ئاقسۆڭەك) لەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇققانچىلىق قىلىپ كەلگەن.

---

① جۇزجانى. راۋېرتى تەرجىمىسى، 2 - توم، 1146 - بەت.

② 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان ھىرات تارىخىنىڭ ئاپتورى ئىسپىزارى.

③ بۇ ھەقتە بارتولدنىڭ «تۈركىستان» دىگەن ئەسىرىگە قاراڭ. 1 - توم، 542 — 544 - بەتلەر.

موڭغۇللار ئۇ ئادەمگە خارەزم شاھى مۇھەممەتنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرگەن، مۇھەممەت شاھنىڭ 2 - قىزىنى بولسا چاغاتاي ئۆز نىكاھىغا ئالغان ئىكەن ①. ئىسلام دىنىنىڭ ۋەكىللىرى ھەبەش ھامىدنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىدىن بەك نارازى ئىدى. مەشھۇر سوپى ئىسەيپىدىن باھازرى ھەممىگە قادىر بىر ئەمەلدارغا يوللىغان بىر شېئىرىدا، تەجرىبىسىز ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەن ۋە مۇقەددەس ھاياتى بىلەن مەشھۇر بولغان پىشقەدەملەرگە ئۆز يولىدا دىگىنىدەك ھۆرمەت قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ۋە ئومۇمەن مەمۇرى ھاكىمىيەتنىڭ دىن ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىدىن ئۆزىنىڭ نارازى ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىگەن: «خان سارىيى مېھراپ بولۇپ قالغاندىن، شۇنداق مېھراپنىڭ پۈتۈنلەي بولمىغىنىنىڭ ئۆزى ئەۋزەل».

چاغاتاي يۇرت سوراپ تۇرغان مەزگىللەرنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە سارايدا بىر خەنزۇنىڭ ئورنى كۆتىرىلىپ كەتتى، بۇ ئادەم ئاۋال چاغاتاي يېنىدىكى خەنزۇ تېۋىپنىڭ خىزمەتچىسى بولغان ئىكەن، كېيىن، موڭغۇللارنىڭ يۇقۇرى ئەمەلدارى خوشۇت نويون قولىدا پادىچى بولۇپ ئىشلەپتىكەن. بۇ خەنزۇ بۇ ئەمەلدارنىڭ ئۆيىدە يۇرۇپ چىڭگىزخاننىڭ ھەممە ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى پۇرسەت تېپىپ ئىپادىلەپتۇ. بۇ يۈرۈش-لەرنى ئۇ ئادەم تەپسىلى يېزىۋالغان ئىكەن. كېيىن، بۇ خەۋەر چاغاتايغا يېتىپتۇ، چاغاتاي بۇ خىل بىلىملەرگە بەك چوڭ باھا بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئادەمنى ئۆزى ئوردىسىغا ئېلىۋاپتۇ. ئۆگدەي چاغاتاينىڭ سارىيىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا «ۋەزىر»، دىگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن ئىكەن. بۇ ۋەزىرنىڭ بويى پاكار، قىياپىتى خۇنۈك، ئەمما، ئەقىللىق، سۆزمەن ئادەم ئىكەن. بىرەر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشكەندە، باش-قىلاردىن جۈرئەتلىك بولۇپ پىكىر بېرىدىكەن. ئۇ بىر قېتىم چاغاتاينىڭ ئايالىغا: «سىز-خوتۇن كىشى، مۇنداق ئىشلارغا گەپ ئېچىپ ئارىلاشماي قويۇڭ» دەپ ۋاقىرىغان ئىكەن. يەنە بىر نۆۋەت چاغاتاينىڭ كېلىنىنى ئۆزىچىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ئىكەن. چاغاتاي ئۇنىڭدىن بۇ نىمە قىلغىنىڭ، دەپ سورىسا، «سىزدەك بىر ئادەمنىڭ كېلىنى شۇنداق سەت ئىشلارنى قىلىپ خان ئاياللىرىنىڭ نامىنى بۇلغىسا بولۇرمىدى؟» دەپ جاۋاپ قايتۇرغان ئىكەن. چاغا-تاي ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ قوشۇلغان ئىكەن. شۇ زاماندا بىللە بولغان ئادەملەر بۇ ۋەزىرنىڭ ئىش باشقۇرۇشىغا ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ: «مەن سېنى بار دەپ ھېچقانداق بىر جاننى دوست تۇتمىغان ئىدىم، ئەمدى سەندىن كېيىن مېنى ھېچكىم ئايىمايدۇ» دىگەن ۋە بۇ سۆزلەرنى چاغاتايغا ۋەزىر ئۆزى ئېيتقان، دىگەن گەپلەر بار②.

① جۇۋەينى ئەسەرلىرى 2 - توم، 200 - بەتكە قاراڭ.

② راشىدىدىننىڭ كىتاۋىنىڭ، 19 - ، 197 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئۆگدەي 1241 - يىلى ۋاپات بولدى ①. چاغاتاي ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئۇشۇق ياشىدى. ئۆگدەي ئالىجاناپ، ئادەمگەرچىلىكى كۈچلۈك، لېكىن كەيپى - ساپاغا بېرىلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ، چاغاتاينىڭ ھەر قانداق ئىشتا قاتتىق قىللىقلىقىنى يۇمشىتىشنىڭ چارىسىنى بىلىدىغان ئىدى. شۇنىڭدەك، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئۆز ئارا بىر - بىرى بىلەن رەقىبلىشىپ، بىر - بىرىسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدىغان ماجىرالىرىنىمۇ يۇمشىتىپ ھەل قىلالايدىغان ئىدى. ئۆگدەينىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇچىلار مۇنداق توقۇنۇشلارنىڭ تەسىرىگە پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ كەتتى. بىر قاتار ئېغىر يامان قاتىللىقلار باشلاندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوردىغا كېلىشنىڭ ئۆزى « ئازاپ تارتىپ ئۆلۈش بىلەن باراۋەر » بولۇپ قالدى. بۇ قورقۇنۇشلۇق ۋەقەلەرنى موڭغۇللارنىڭ ۋەھشىلىكىدىن كېلىپ چىقتى، دەپ قاراش توغرا بولمايدۇ. تارىخ بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىي خەلقلەر ۋەكىللىرىنىڭ پىتنە - ئىغۋا، چېقىمچىلىقلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. موڭغۇللار كۆپىنچە ھۆكۈم قىلىنغۇچىنى ئەيىپلىگۈچىنىڭ قولىغا بېرىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. نەتىجىدە، بۇ بەختسىز ئادەمنىڭ تەقدىرى موڭغۇللارنىڭ ئۆزى جازالىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىدىن يامان بولاتتى.

چاغاتاي ئۆزى ھايات چېغىدىلا ئۆزىنىڭ نەۋرىسى — قارا - ھولاكۇنى ئۆگدەينىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئىز باسارى قىلىپ بەلگىلىدى. چاغاتاينىڭ تۇل قالغان ئايالى يېسۇلۇن ۋە ھەبەش ھامىد ھازىر بۇ شاھزادىنى پۈتكۈل چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھاكىمى دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ھەبەش ھامىد بۇ يېڭى پادىشاھلىقتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى ساقلاپ قالدى. چاغاتاينىڭ ئورنىغا ئولتۇرغانلار ئىشنى چاغاتاينى ئوبدان داۋالىمىدىڭ، دەپ ئۇنىڭ يېنىدىكى تىۋىپلارنى ئۆلتۈرۈشتىن باشلىدى، ھېلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەزىرنى ۋە مۇسۇلمان تىۋىپ مەجىدىننى قەتلى قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا قارا - ھولاكۇ ئوردىسىدا يېسۇلۇن خانىم ( چاغاتاينىڭ ئايالى ) غا قوپاللىراق سۆزلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللار موڭغۇللارنىڭ پېرسىيىدىكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن بۇددا دىنىدىكى ئۇيغۇر قۇرقۇز ئۆلتۈرۈلدى.

ئۆگدەي ۋاپاتىدىن كېيىن، 1246 - يىلىغىچە، خاقان ( ئۇلۇغ خان ) نىڭ ئورنى ئادەم بەلگىلەنمەي بوش تۇرۇپ قالدى. 1246 - يىلى، قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ ئۆگدەينىڭ چوڭ ئوغلى كۇيۇك خاقان دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ئادەم 2 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى خىرىستىيان دىنى تەربىيىسىدە ئۆسكەن ئىدى. ئۇمۇ خۇددى چاغاتايغا ئوخشاش، ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدى. شۇڭلاشقا، خىرىستىيان دىنىدىكىلەر پۈتكۈل ئىمپېرىيە بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ

① جامال قارشى بۇ ئادەمنى 1244 - 1245 - يىللاردا ئۆلگەن، دەپ ھېساپلايدۇ.

قالدى. چاغاتاي ئۇلۇسىدا قارا ـ ھولاكۇ كۈيۈك خاقاننىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا خاقاننىڭ شەخسى دوستى چاغاتاينىڭ يەنە بىر ئوغلى يەسۇ مۇنكې قويۇلدى. يەسۇ مۇنكې راشىددىننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ھاراقكەش، شۇنچىلىك دەرىجىدە كەيپكە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشى ئەمەس، ھەتتا ساراي ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىنىمۇ باشقۇرالمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى ئايالى تۇقاشى خانىم باشقۇراتتى. بۇ يېڭى خاننىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن ھەبەش ھامىد-نىڭمۇ تەلىيى كېتىپ، ئەمەلدىن ئايرىلىپ قالدى.

ھەبەش ھامىد چاغاتاي ھايات چاغلاردىلا چاغاتاينىڭ ھەر بىر ئوغلىنىڭ قېشىغا ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىردىن قوشۇپ قويغان ئىدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئۇرۇغىنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەسۇ مۇنكىگە ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى باھاۋىددىن مەرگىنانى قوشۇپ قويغان ئىدى. باھاۋىددىن بولسا پەرغانىلىق—ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان شەيخۇل ئىسلامنىڭ ئوغلى ئىدى. ئاتا تەرەپتىن قارا خانلار ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. يەسۇ مۇنكې ھەبەش ھامىدنى قارا ـ ھولاكۇنىڭ تەرەپدارى دەپ يامان كۆرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باھاۋىددىننى ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە قويغان ئىدى. باھاۋىددىن بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، خاننىڭ ھەبەش ھامىدكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى يۇمشىتىشقا تىرىشتى ۋە نەتىجىدە ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى. جۇۋەينى شەخسەن ئۆزى باھاۋىددىننى كۆرگەن بولۇپ، باھاۋىددىن ھەققىدە: «ئۇ ئادەم دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەرنى ئوخشاشلا بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئامان قالغان ئالىملار كېلىپ ـ كېتىپ يۈرەتتى، باھاۋىددىننىڭ ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ـ پېنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەھمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى» دەپ يازدى①.

جۇچى ئۇلۇسىنىڭ باشلىقى باتۇ خاقان كۈيۈككە قەستىيات قىلىپ ساداقەتلىك بىلدۈرۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. 1248 - يىلى ئەتىيازدا كۈيۈك نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ باتۇغا قارشى يۈرۈش قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلى مەقسىدىنى يوشۇرۇپ، ئېمىل دەرياسى بويىغا بېرىپ ئۆز ئۇرۇغۇمىنىڭ يۇرتىدا سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، دېگەن گەپنى تارقاتتى. باتۇغا كۈيۈكنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا يامان نىيەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى بىرسى خەۋەر قىلىپ قويىدۇ، بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باتۇمۇ نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ شەرق تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. ئالا ـ قاماق دېگەن يەرگە كەلگەندە ( بۇ جاي قايالىق دېگەن يەردىن يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتا بولۇپ، يەتتەسۇنىڭ جەنۇبىدا ئالا تاۋ تاغلىرىنىڭ

① جۇۋەينىنىڭ يازغانلىرىدىن ئېلىنغان. كازۋىنىي نەشرىياتى، 1 - توم، دېفېرىمېرى نەشرىياتى، 401 — 405 - بەتلەر.

يېنىغا جايلاشقان)، خاقاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. باتۇ ئالا - قاماقتا توختاپ، شۇئۇرۇغنىڭ ئىچىدىكى ئاقساقال سۈپىتىدە، باشقا خانزادىلارنى ئۆزيېنىغا چاقىرىپ، كىمنىڭ خاقاننىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ھەممە بىردەك باتۇنىڭ كەلگەن قارارىغا بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، نەتىجىدە، تولۇينىڭ چوڭ ئوغلى مۇنـ كېنى خاقان قىلىش پىكرىگە كېلىشتى، بۇنىڭغا ئۆگدەينىڭ نەۋرىلىرى بىر بىر چەتتە قېپقالدۇق، دەپ نارازىلىق بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ نارازىلىقىنى چاغاتايدىن بولغان شاھزادىلارنىڭ كۆپچىلىكى (شۇ قاتاردا يەسۇ مۇنكېمۇ) قوللاپ قالدى. پەقەت 1251 - يىلىلا قارا قورۇم شەھىرىدە چاقىرىلغان قورۇلتايدا تەنتەنىلىك ھالدا مۇنكې خاقانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۆگدەينىڭ ئەۋلاتلىرى قورۇلتايغا ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن تولۇق قوراللىنىپ كېلىپ، بۇيەردە قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى مەقسەت قىلدى، بۇلارنىڭ بۇ سۈيىقەستى پاش بولۇپ قالادى.

بۇ ئىشتا ئەيىپلىك ئادەملەر قارشىلىقسىز قولغا ئېلىندى. 77 نەپەر چوڭ ئەمەلدار ئۆلتۈرۈلدى، خانزادىلار يىراق جايلارغا ئېۋەتىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن شۇيەرلەردە مەخپى ئۆلتۈرۈلدى. يەسۇ ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا ئىدى. ئۇنىڭغا خاقاننىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ، ئەگەردە ئۇ مۇشۇ سۈيىقەستكە ئىشتىراك قىلمىغان بولسا، دەرھال خاقاننىڭ ئالدىغا كىرىپ قەسەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

جامال قارشىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، قارا - ھۇلاكۇ ئىشنىڭ بېشىدىلا مۇنكېنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەن ئىكەن ۋە ئۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسىدا ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئوكىسى بۆرىگەمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، مۇنكېنى قوللاشقا كۆندۈرگەن ئىكەن. مۇنكېنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا يەسۇ — تۇقاشى ۋە بۆرە دەرھال قولغا ئېلىندى. تۇقاشى قارا - ھولاكۇغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۇ، بۇ ئايالنى ئېرىنىڭ ئالدىدىلا سوتلاپ، ئۇنى ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. يەسۇ بىلەن بۆرىنى باتۇنىڭ ئوردىسىغا يوللاپ بەردى. باتۇ بۆرىنى ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن كېلىۋاتقان دۈشمىنى ھېسابلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى دەرھال ئۆلتۈردى①. يەسۇنى بولسا ئۆز يۇرتىغا قويۇۋەتتى. ئۇ ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارا - ھولاكۇنىڭ تول ئايالى ئېرگەنە② نىڭ ئۆچ ئېلىشى بىلەن ھالاك بولدى. قارا - ھولاكۇنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ باشـ لىقلىق ۋەزىپىسىنى مۇنكې قاغان ئىسلىگە كەلتۈرگەن ئىدى. لېكىن ئۇ، ئۆز يۇرتىغا كېتىۋېتىپ ۋاپات بولغان ئىدى. يەسۇ مۇنكېنىڭ ئورنىدىن چۈشۈشى بىلەن ھەبەش ھامىد

---

① ئوردىدا بولغان مۇشۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى دوسسون ئۆزىنىڭ «موڭغۇل تارىخى» دىگەن كىتاۋىدا بايان قىلمىغان ئىكەن. بارتولدبۇنى جۇۋەينى ئەسىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان.

② مىنورسكى نىڭ پىكرىچە، ئېرگىنە دەپ يېزىش توغرا بولماستىن، ئورقىنا دەپ يازسا توغرا بولىدىكەن.

نىڭمۇ ھاكىمىيەتتىكى ئورنى ئەسلىگە كەلدى. قارا - ھولاكۇ ھەبەش ھامىدكە باھاۋۇددىننى پۈتكۈل ئائىلىسى ۋە مال - مۈلكى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. ھەبەشھامىد ئۆزىنىڭ بۇ رەقىبىنى قەتلى قىلدى.

مۆڭكې ئۆز دۈشمەنلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەقسىتىدە غەرپ تەرەپكە نۇرغۇنلىغان ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ ئەسكەرلەر قارا قۇرۇم بىلەن بەشبالىق ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ تۇرۇشى ۋە جوجى ئەۋلادىنىڭ قايالىق بىلەن ئوترار ئارىلىقلىرىغا ئورۇنلاشقان ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇشى تېگىشلىك ئىدى. جوجى ئەۋلادىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوردانىڭ ئوغلى ۋە ئىسىز باسارى خۇۋك كىرانە ( خوكقورانە ) قوماندانلىق قىلاتتى. چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى سۈيىقەستچىلەرگە ياندىشىق قىلغان دەپ گۇمان قىلىنغان بارلىق ھەربىي باشلىقلار ئۆلتۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىكى ئىككى ئۇلۇسنى تار - مار قىلىش ۋاستىسى بىلەن ساقلىنىپ قالدى. ئەمما ئۆگدەي زامانىدا پۈتۈن خان ئۇرۇغى بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. باتۇنىڭ پۈتۈن ئۇرۇغىنىڭ ئاقساقلى بولۇشىدىكى ئەھمىيىتى ۋە مۆڭكېنى تەختكە ئورناتقان ئاساسىي ئادەم بولۇشىدىكى ئەھمىيىتى خاقان مۆڭكېنىڭ ئۆز ئەھمىيىتىدىن ھېچقانداق قېلىشمىدى. مۆڭكې خاقان رۇبرۇكقا: «خۇددى قۇياش ئۆز نۇرىنى ھەممە يەرگە چېچىپ تۇرغانغا ئوخشاش، مېنىڭ ھاكىمىيىتىم بىلەن باتۇنىڭ ھاكىمىيىتى بارلىق ئەللەرگە يېيىلىپ تۇرىدۇ① »دەپ ئېيتقان ئىكەن. مۆڭكې خاقان ئۆزى بىلەن باتۇ ئوتتۇرىسىدا تولۇق ئىناقلىق بارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر مىسالنى كەلتۈرگەن: «بىر باشتا ئىككى كۆز بولىدۇ. لېكىن كۆز ئىككى بولسىمۇ، ئۇلار بىر نەرسىنى كۆرىدۇ. بىر كۆز ئۆزىنىڭ نەزىرىنى قايسى تەرەپكە ئەۋەتسە، ئىككىنچى بىر كۆزمۇ نەزىرىنى شۇ تەرەپكە ئەۋەتىدۇ»②. خاقان مۆڭكې بىلەن باتۇنىڭ «تەسىر دائىرىسى» ( ئەگەردە مۇشۇ سۆزنى مۇشۇ يەردە قوللىنىش مۇۋاپىق بولسا ) چېگرىسى تالاسنىڭ سەل شەرقىدىنىرەك بۆلۈنىدۇ. رۇبرۇكقا باتۇباشقۇرۇپ تۇرغان يەرلەردىكى ئۇلۇغ خان ( مۆڭكې ) نىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئىناۋىتى باتۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتىگە قارىغاندا سەل تۆۋەنرەك تۇيۇلغان. شۇنداق قىلىپ، يەتتە سۇ خاقاننىڭ بىۋاستە ئىدارە قىلىدىغان يېرى بولۇپ قالغان. چاغاتاي ئۇلۇسىنى بىۋاستە باشقۇرۇش قارا - ھولاكۇنىڭ تۇل ئايالى ئېرگىنە خانىمغا تاپشۇرۇلغان. بۇ تۇل

① «رۇبرۇك ئەسەرلىرى»، 307 - بەت. «مېشىل - رايتا» نەشرىياتى نەشرى.

② يۇقۇرقى كىتاپ، 361 - بەت.

ئايالنىڭ يېنىدا مۇھىم ئادەملەردىن ئىش باشقۇرۇپ تۇرغانلار ھەبەش ھامىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نەسرىددىن بولغان. ۋەسسافنىڭ قىلغان بايانلىرىغا قارىغاندا، ئېرگىنە خانىم ئۆزى بۇددا دىنىدا بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنى ھەم بەك ھىمايە قىلىپ كەلگەنىكەن. جامال قارشى بولسا ئېرگىنە خانىمنى مۇسۇلمان دىنىدا ئىدى، دەپ يازىدۇ. 1254 - يىلى ئېرگىنە خانىم مۆنكې خاقانىنىڭ ئۇكىسى ھولاكۇنى ئالمىلىق شەھرىدە قوبۇل قىلدى؛ بۇ ئادەم خاقانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلەرگە قوماندان بولۇپ، غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشقا ماڭغان ئىدى. ھولاكۇنىڭ ئەسكەرلىرى يەتتە سۇ ۋە سىر دەريا ۋىلايەتلىرىدىن ئالدىرىماي ئۆتۈپ، 1255 - يىلى كۈزدە، سەمەرقەنت شەھرىگە يېتىپ باردى.

يەتتە سۇنى 1253 - يىلى 11 - ئايدا بېسىپ ئۆتكەن رۇبرۇك مۆنكې پادشالىغىدىكى بۇ ئەلنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. رۇبرۇك ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكەندە، ۋەيران بولغان ئىستىھكاملارنى كۆرگەن. بۇ ئىستىھكاملارنىڭ تېمى سوقماتام ئىكەندۇق، بۇ ۋەيران قىلىنغان ئىستىھكامنىڭ يېنىدا ئېتىزلىقلار بار ئىكەن. بۇيەردىن سەل يىراغراق جايدا ئوتتۇرا ھال بىر شەھەر بولۇپ، بۇنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمان ئىكەن ۋە ئىرانتىلىدا سۆزلىشىدىكەن. بۇ شەھەرنى رۇبرۇك لاتىنچە " EquiuS „ دەپ يازىدۇ. بۇ شەھەر جۇڭگو مەنبەلىرىدە بايان قىلىنغان ئىلى بالىق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنراق. بۇ جايلارغا 1255 - يىلىنىڭ باشلىرىدا كېلىپ كەتكەن ئەرمەن پادشاسى گايتون بۇ شەھەرنى „ئىلان بالىق " دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچى كۈنى رۇبرۇك ئانچە ئېگىز بولمىغان تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، كەڭ بىر چىرايلىق تۈزلەڭلىككە چىقىدۇ، بۇ تۈزلەڭلىك تاغدىن ئېقىپ چىقىدىغان ۋە بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان كۆپلىگەن ئۆستەڭلەر بىلەن سۇغۇرۇلىدىكەن. بۇ يەردە قايالاق ( قايالىق ) دېگەن چوڭ شەھەر بولۇپ، بۇنىڭدا نۇرغۇن سودىگەرلەر ياشايدىكەن. بۇ تۈزلەڭلىكتە بۇرۇن نۇرغۇن شەھەرلەر بولغان ئىكەن. ئەمما شۇ چاغلاردا بۇ شەھەرلەر تاتارلار تەرىپىدىن ئاساسەن ۋەيران قىلىنىپ تاشلانغان ئىكەن، تاتارلار بۇ يەرنى مال ئۈچۈن يايلاق قىلىپ پايدىلانغان ئىكەن.

دېمەك، رۇبرۇكنىڭ سۆزلىرى بۇ جايلاردا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە بۇرۇنقىدەك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى، بۇرۇنقى پىششىق يەرلەرنىڭ يايلاقلارغا ئايلاندۇرۇلغانلىقىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ. يەتتەسۇنىڭ شىمالىي قىسمىنى موڭغۇل كۆچمەنلىرىنىڭ ئىگەللىۋالغانلىقىنى جۇۋەينىنىڭ سۆزلىرىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ سۆزىچە، خاقان مۆنكې ئۆزىنىڭ ئوغلى ئارسلانخانغا قارلۇقلار شەھرى ئۆزگەند ( قايالىق ئەمەس ) نى بەرگەن ئىكەن.

يەتتە سۇنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىلى ۋە چۇدەريالىرى ئارىلىقىدىكى جايلارنىڭ ئەھۋالىنى 1259 - يىلى خاقانىنىڭ ھولاكۇغا ئېۋەتىلگەن ئەلچىسى سۈپىتىدە بۇ يەرلەردىن ئۆتكەن خەنزۇ چاڭ دې بايان قىلىدۇ. ئۇ، بۇ جايلارنى يىمۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ

يەردە كۆپ ئاھالىلەر ياشىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ جايلاردا نۇرغۇنلىغان سېپىللارنىڭ خارابىلىرى ۋە شەھەر خارابىلىرى بار ئىكەن. دېمەك، بۇنىڭدىن يەتتە سۇدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ مەدەنىيىتى 13-ئەسىردىن باشلاپ تەدرىجىي يوقىلىشقا يۈزتۇتقانلىق ئېھتىمالىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ مەدەنىيىتى يەتتەسۇدا پەقەت 19-ئەسىردىلا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن سارتلار ۋە رۇسلار تەرىپىدىن قايتا باشلاندى. بۇ ھادىسىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يەتتە سۇ يايلاقلىرىنىڭ بەك ئوبدان بولۇشى ۋە شۇ تۇپەيلىدىن، كۆچمەنلەرنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلغانلىقىدىن بولغان.

مۆڭكې 1259-يىلى جۇڭگودا قىلغان ھەربىي يۈرۈشى ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ نۆۋەت تەختكە كىم ئولتۇرۇش تالىشى ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەردى. 1260-يىلى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە بىرىنچى نۆۋەت ئىككى ئادەم تەڭلا خاقان دەپ ئېلان قىلىندى. جۇڭگودا كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر قۇبلايىنى خان قىلىپ، ئۇنىڭغا قەسەمياد قىلدى. قاراقۇرۇم شەھرىدە مۆڭكېنىڭ كىچىك ئۇكىسى ئارىق بوقا ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ باشلىقى ئېرگىنە خانىم ئارىق بوقىنى قوللايدۇ. قۇبلاي چاغاتاي ئۇلۇسىدا ئۆزىنى قوۋۋەتلەيدىغانلارنىڭ قوزغىلىشىنى كۈتىرىش ئۈچۈن، بۆرىنىڭ ئوغلى شاھزادە ئابىشكۇنى ئەۋەتىدۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا، بۇ شاھزادىنى ئارىق بوقىنىڭ تەرەپدارلىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئارىق بوقا چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئالغۇي (بايدارنىڭ ئوغلى) نى غەرب تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. راشىدىدىننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئالغۇي تۈركىستانغا كېلىپ، ئۇ يەردىن موڭغۇلىيىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى باشقۇرماقچى بولىدۇ، چۈنكى، قۇبلاي شۇ كەمگىچە جۇڭگودىن موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىلىپ تۇرىدىغان ئاشلىقنى توختىتىپ قويغان ئىكەن، نەتىجىدە، قاراقۇرۇمدا ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن.

ئالغۇي تۈركىستاندا بەك قەتئىيلىك بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئارىق بوقىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆز تەرىپىگە چاغاتاي ئۇرۇغىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىنى تارتىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ خەزىنىچىسى سۈپىتىدە ھەبەش ئامىدنىڭ ئوغلى سۇلايمان بەگنى ئىشلىتىدۇ. ھەبەش ئامىد بولسا، جامال قارشىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، 1260-يىلى ئالغۇي ئىدارە ئىشىغا كىرىشكەن يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ۋاپات بولغان ئىكەن. ئېرگىنە ئارىق بوقىنىڭ يېنىغا كېتىپ يۇرتتىن يىراقلاشقان ئىكەن. ئالغۇي ئۆزىنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىۋالغاندىن كېيىن، جۇچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان نائىبلارنى چاغاتاي يەرلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ ۋە شۇنىڭدەك ھېچقاچاندا چاغاتاي ئوردىسى ھاكىمىيىتىنىڭ قول ئاستىدا بولمىغان خارەزم، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا ئوخشاش جايلارنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇ ئارىق بوقىغا قارشى ئوچۇق سوقۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئارىق بوقا بۇ چاغلاردا

قۇبىلەينىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن موڭغۇلىيەدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېنسەي دەرياسىنىڭ ياقىلىرىغا چېكىنىدۇ. قۇبىلەينىڭ ئارىق بوقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇتۇقلۇق جەڭلىرى شۇ كەملەردە جۇڭگودا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار نەتىجىسىدە پەسىيىدۇ. ئارىق بوقا بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن كۈرەشنى ئالغۇيغا قارىتىدۇ. 1262 - يىلى، ئالغۇي سايرام كۆلىنىڭ بويىدا ئارىق بوقا ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى تار - مار قىلىدۇ، لېكىن، 1263 - يىلى ئەتىيازدا، ئالغۇينىڭ ئەسكەرلىرى ئىلى ۋادىسىدا مەغلۇبىيەتكە يولۇقىدۇ ۋە شەرقىي تۈركىستان تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئارىق بوقىنىڭ ئەسكەرلىرى غۇلجا ۋىلايىتىدە قىشلاش ئۈچۈن جايلاشتۇرۇلىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، يەتتەسۇدىمۇ ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى جايلاشتۇرۇلغان بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئارىق بوقا بىلەن بىللە يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ئېرگىنە خانىم 1263 - يىلى يازنى ئات بېشى يېنىدىكى تاغلاردا ئۆتكۈزىدۇ.

ئارىق بوقىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلى ۋادىسىنىڭ مۇنبەت يەرلىرىدە نۇرغۇن بۇغداينى غەنىمەت ئالىدۇ، نەتىجىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىغا بۇغداينى يەم - خەشەك ئورنىدا بېرىدۇ. خەلقنىڭ قولىدىن شۇنچىۋالا ئاشلىقنى تارتىۋېلىش — بۇ جايلاردىكى ئاھالىلار ئىچىدە ئاچارچىلىق پەيدا قىلىدۇ، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ زىيان بولىدۇ. 1264 - يىل باھاردا، بۇغداي يەپ ئۆگىنىپ قالغان ئاتلار قارئاستىدىن تېپىپ يەيدىغان ئوت - چۆپلەرگە ئۆگىنەلمەستىن ئاغرىشقا ۋە ئۆلۈشكە باشلايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئارىق بوقىنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئوبدان كۆرمەيدىغان ھەربىي باشلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئارىق بوقىنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئارىق بوقا ئالغۇينىڭ ئۆزىگە قارشى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئېرگىنە خانىمنى ئالغۇيغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئالغۇينىڭ ئۆزى بولسا قۇبىلەيگە ساداقەتلىك ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېتىدۇ. ئېرگىنە خانىم ئالغۇيغا تۇرمۇشقا چىقىشقا رازى بولىدۇ.

قۇبىلەي پۈتۈن ئىمپېرىيە بويىچە خاقان ( ئۇلۇغ خان ) دەپ ئېتىراپ قىلىندى، ئەمما بۇ ئىش شەكلەنلا شۇنداق بولدى. ماھىيەتتە، ھولاكۇ پېرسىيەدە ( ئىراندا )، ئالغۇي ئوتتۇرا ئاسيادا، باتۇنىڭ ئۇكىسى بېركەي جۇجى ئۇلۇسىنىڭ يەرلىرىدە، ئەمەلىيەتتە، مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، بۇلارنىڭ ئاۋالقى ئىككىسى ئۈچىنچىسىگە نىسبەتەن ئوچۇق سوقۇش قىلىش ۋەزىيىتىدە تۇراتتى. بېركەينىڭ ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئىتتىپاقچىسى ئۆگەدەينىڭ نەۋرىسى خەيدۇ بولۇپ قالدى.

خەيدۇ، مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە يازغانلىرىغا قارىغاندا ۋە خەيدۇنىڭ پائالىيەت نەتىجىسىگە قاراپ مۆلچەرلىگەندە، ئۇ، موڭغۇللار ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان ئەڭ ئوبدان ئادەملەرنىڭ بىرى بولغان ئىكەن. لېكىن، بىز ئۇنىڭ ھاياتى

ۋە ئۇنىڭ ئىش يۈرگۈزۈپ تۇرغان چاغدىكى ئەھۋاللىرى ھەققىدە پاكىتلىق مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ، ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىشتۇر. جامال قارشىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، خەيدۇ 1235 - يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى خاشى دىگەن ئادەم ھاراقتا بېرىلىپ كېتىپ، بالىسى تېخى تۇغۇلمىغان چاغلىرىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. خەيدۇ كېيىن خاقان ئوردىسىدا تەربىيەلەنگەن ئىكەن. ئۇ ئانا تەرەپتىن ئەسلى كېلىپ چىقىشى نامەلۇم بېكرىن (مەكرىن) ناملىق تاغلىق بىر قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەن. راشىددىن بېكرىنلەرنى «موڭغۇلمۇ ئەمەس»، «ئۇيغۇرمۇ ئەمەس» دەپ يازىدۇ، سىرتقى قىياپىتىدىن قارىغاندا، خەيدۇ ئەينەن موڭغۇل ئىدى، راشىددىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ ئورنىدا ئاران و تال تۈك بار ئىكەندۇق.

خەيدۇ 1260 — 1962 - يىللار ئارىلىقىدىكى مالىمان يىللاردا ئارىق بۇقىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئىدى. ئارىق بۇقا قۇبلەينىڭ قېشىغا ماڭغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا قېپقالغان ئىدى. خەيدۇ گويا چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى سۈپىتىدە ئېقىپ يۈرگەن ئۆگدەي ئەۋلادىنىڭ بىردىر ئادىمى ساق - سالامەت تۇرغان چاغدا خاقان تەختىدە باشقا ئادەمنىڭ ئولتۇرۇشىغا بولمايدۇ، دىگەن راۋايەتكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئىمپېرىيە بويىچە بىرىنچى ئورۇندا قۇبلەي ئەمەس، مەن — خەيدۇ تۇرۇشقا كۆپرەك ھەقلىقمەن، دەپ ھىساپلايدىغان ئىدى. خەيدۇنىڭ قول ئاستىدا ئۇنىڭ بوۋىسى (ئۆگدەي) دىن مىراس قالغان بىرەر ئەسكىرىي قوشۇنمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۆچۈن ھەربى كۈچ تەشكىللەشكە دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى يەنى قوشۇن تەشكىللەش ئىشىنى شۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق دەرىجىدە ئېلىپ باردىكى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇغى ۋە ئىنتىزامچانلىغى ماقال - تەمسىل سۆزلەر قاتارىدا خەلق ئارىسىدا سۆزلىنىدىغان بولدى①. خەيدۇنىڭ ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىدى، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئىش باشقۇرۇش قابىلىيىتىمۇ كۈچلۈك ئىدى. خەيدۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلەتتى، ئەسكەرنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلمايتتى. خەيدۇ ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان چاغلاردا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بەك يۇقۇرى دەرىجىگە كۆتىرىلگەن ئىدى، ھەممە باياشات ئىدى. شۇنىسى بەك ئوبدان بىرلىغانكى، بوۋىسىمۇ ھاراقكەش، دادىسىمۇ ھاراقكەش (ئالكاگولىك) بولغان بۇ خەيدۇ ھېچقاچاندا ئاغزىغا ئاق ھاراق ياكى ۋىنو ئالغان ئەمەس — ھەتتا قىمىزمۇ ئىچكەن ئەمەس. مۇشۇ جەھەتلەردە ئۇ پۈتكۈل چىڭگىز ئەۋلادىدىن پەرقلىنىپ تۇرار ئىكەن.

① ۋەسسافنىڭ يازغانلىرىدىن خامبىرە نەشر قىلغان ئەسىرىنىڭ 133 - بېتىدە، ئۇنىڭ تەرجىمىسىنىڭ 127 - بېتىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەيدۇ ھەممىدىن ئاۋال ئۆز تەرىپىگە ئانىسىنىڭ قەبىلىسىنى تارتقان. بېكرىنلەر تاغلىق رايونلاردا ھەركەت ئېلىپ بېرىشتا ئەڭ پايدىلىق ئەسكەرلەر، دەپ ھېساپلىناتتى. ئۇندىن باشقا، خەيدۇ ئالغۇي بىلەن بەركەي ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇشتىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئۆزى بەركەيگە ياردەم قىلىدۇ. بەركەي خەيدۇ ھەققىدە ئۆزىنىڭ مۇنەججىملىرى (پالچى-رەممالىلىرى) بىلەن مەسلىھەت قىلىپ كۆرىدۇ. مۇنەججىملەر خەيدۇنىڭ ئىستىقبالىنىڭ ئۇلۇقلىغىنى مۆلچەرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ. جۇجىچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خەيدۇ ئانچە چوڭ بولمىغان بىر يەرگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئالغۇي قوشۇنلىرىنىڭ بىرسىنى تولۇق يوقىتىدۇ. ئالغۇي بۇنىڭغا قارشى نۇرغۇن ئەسكەر ئېۋەتىدۇ. خەيدۇنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولىدۇ ①. خەيدۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئامان قېلىشىغا ئالغۇينىڭ ۋاپاتى سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئالغۇي 1265 - يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 1266 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن② 1266 - يىل 3 - ئاي ئىچىدە، ئاخىگىران دىگەن جايدا، يەنى ئانگىرېنا ۋادىسىدا جامال قارشىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، قارا-ھولاكۇ بىلەن ئېرگىنە خانىمدىن تۇغۇلغان بالا مۇبارەكشاھ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. مۇبارەك شاھ چاغاتاي ئەۋلادىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئادەمدۇر. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرىنچى قېتىم موڭغۇل ئەمەلدارى خاقان تەرەپتىن بەلگىلەنمەستىن تەختكە ئولتۇرىدۇ. قۇبىلەي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇبارەكشاھنىڭ خان دەپ ئېلان قىلىنىشىغا قوشۇلمايدۇ ۋە تۈركىستانغا مۇبارەكشاھ بىلەن تاغىۋەتچى بولغان (ئاكا - ئۇكىنىڭ بالىلىرىدىن بولغان) چاغاتاي شاھزادىلىرىنىڭ بىرسى باراخ (بوراخ) نى ئېۋەتىدۇ. باراخ ئۆزىگە قۇبىلەي تەرىپىدىن ئېۋەتىلگەن ئۆزىنى خان قىلىپ تەيىنلىگەنلىگى توغرىسىدىكى پەرماننى يوشۇرۇپ ھېچكىمگە ئېيتمايدۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا پانا ئىزلەپ كەلگەن ئادەم سۈپىتىدە كېلىپ، ئۆز ئادەملىرىنى توپلاشقا رۇخسەت قىلىشنى سورايدۇ ھەمدە مۇبارەكشاھنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن، باراخ ۋە ئۇنىڭ تۇققانلىرى ئۆز ئۇرۇغىنىڭ يۇرتىغا — سۇرخان دەرياسى ۋادىسىغا بارىدۇ. باراخ قەدەممۇ - قەدەم يەرلىك ئاھالىلار بىلەن پات-پات توقۇنۇشۇپ تۇرىدىغان موڭغۇل قوشۇنلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىدۇ. مۇبارەك شاھ بولسا مۇنداق توقۇنۇشلاردا دائىم يەرلىك ئاھالىنى قوللاپ چىقىدۇ. 1266 - يىل 9 - ئايدا، مۇبارەكشاھ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خوجەند يېنىدا تار-مار قىلىنىدۇ ۋە شەخسەن ئۆزى ئەسىرگە چۈشىدۇ. شۇندىن كېيىن، باراخ ئۆزكەند شەھرىدە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ

---

① بۇ ۋەقەلەر مىرخوندىنىڭ يازغانلىرىدىن ئېلىندى، ئۇنىڭ تېھراندا بېسىلغان تاش باسما ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىلدى، 65 - بەت.

② بۇ يىللار جامال قارشى، راشىددىن، ۋەسسافلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان.

ۋە ئالغۇي بىلەن ئېرگىنە خانىمنىڭ ھەممە بايلىقلىرىنى غەنىمەت ئالىدۇ. باراخ شەرقىي تۈركىستاندىمۇ خاقان ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا يۇقۇرقىدەكلا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ. خاقان باراقنىڭ ئۆزىگە ئىتائەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارشى ئەسكەر چىقىرىدۇ.

بۇ مالىمانچىلىقلاردىن خەيدۇ يەتتەسۇنى ۋە سىر دەريا ئوبالاستىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. خەيدۇ بىلەن باراخ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. خەيدۇ، باراخنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئەسكەرلەر تەرەپتىن تالان - تاراجغا ئۇچرىغان ئاھالىنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 1268 - يىلى ( راشىددىننىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا )، خەيدۇ جۇجىچىلارنىڭ باشلىقى مەنگۇ - تۆمۈرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ رەقىبىنى سىر دەرياسى بويىدا تار - مار قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىمايدۇ، بەلكى ئىككىنچى يىلى باھاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇرۇلتايغا كېلىشنى ۋە مۇشۇ قۇرۇلتايدا ھەممە ئىشلارنى تېچلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. 1269 - يىلى ئەتىيازدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا بىرىنچى قېتىم قۇرۇلتاي ئېچىلىدۇ. خەيدۇ رەھبەرلىكىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىدۇ. خەيدۇ بىلەن باراخ بىر - بىرىنى ئاندىچىلار ( ئانتىلار ) دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ سۆز ئەڭ يېقىن، مۇستەھكەم دوستلۇق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. باراخنىڭ يايلاق ۋە قىشلاقلىرى ئېنىق قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئومۇمەن، شاھزادىلار تاغلاردا ۋە كەڭ داللاردا تۇرۇشقا، ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرىنى ئېتىزلارغا قويۇۋەتمەسلىككە، ئاھالىدىن قانۇنسىز سېلىق ئېلىشتىن باشقا ۋە ھەر بىر شاھزادىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق قول ھۈنەر ۋەنلەردىن تېگىشلىك كىرىم ئېلىشتىن باشقا، خەلقتىن ھېچنىمە ئالماسلىققا كېلىشىدۇ ①.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالاھىدە بىر موڭغۇل دۆلىتى قۇرۇلىدۇ ۋە يەرلىك ئاھالىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كونكرېت چارىلار تۈزۈپ چىقىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ باشلىقى خەيدۇ بولىدۇ. لېكىن، خەيدۇ قارار گاھىنىڭ قايسى يەردە بولغانلىقى توغرىسىدا بىۋاستە مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، خەيدۇنىڭ چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئوتتۇرىسىدا دەپىن قىلىنغانلىقىغا قاراپ، خەيدۇنىڭ ئوردىسى يەتتەسۇدا ئىدى، دېگەن خۇلاسىغا كەلگىلى بولىدۇ. مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى: خەيدۇ ئادىل ئىدى، ئىسلام دىنىغا ھامىيلىق كۆرسەتكەن ئىدى، دەپ ماختاپ يازىدۇ. ۋەساف ئۆزى ئەجەپلەنگەن ھالدا، خەيدۇنىڭ شۇنداق ئوبدان ئالىي دەرىجىلىك ئەسكەرلىرى بار تۇرۇقلۇق، باشقا

① بۇ مەلۇماتلار دوسسوننىڭ «موڭغۇل تارىخى» 3 - توم، 430 - 431 - بەتلىرىدىن ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

ئۈچ موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە قىلغان داۋاملىق ھەركەتلىرىگە قارىتا ھېچقانداق ھۇجۇم ھەركەتلىرى ئېلىپ بارمىغانلىقىنى، پەقەت ئۆز يېرىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى ئالاھىدە بايان قىلىدۇ. مەزكۇر ئۈچ موڭغۇل دۆلىتى بىلەن بولغان كۆرەشنى ئۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئېلىپ بارغان. چۈنكى ئۇ، چاغاتاي شاھزادىلىرىنىڭ جېدەل — ماجرالىرى نەتىجىسىدە بەك جاپا تارتىپ كەتكەن ئۆز قارىمىقىدىكى يەرلەردە ئوبدان تەرتىپ ئورنىتالىغان ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان كۆرىشىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. باراخ 1269 — يىلى قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پائالىيىتىگە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىگەن. خەيدۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ( 1271 - يىلى ۋاپات بولغان ) يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلار نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئاھالىلار ۋەيرانچىلىققا يولۇققان. بۇ ماجرالارغا خەيدۇ تەرىپىدىن ئۆز ئۇلۇسلىرىغا باشلىق قىلىپ قويۇلغان دەسلەپكى چاغاتاي شاھزادىلىرى قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلدى. خاتىرجەملىك خەيدۇ تەرىپىدىن تالانتلىق، قاۋۇل تۇۋا ( دۇۋا ) خانلىق ئورنىغا قويۇلغاندىن كېيىنلا ئەسلىگە كەلدى ① ( 1282 — يىل ). تۇۋا باراخنىڭ ئوغلى ئىدى.

خەيدۇ پادىشالىق قىلىپ تۇرغان پۈتكۈل ۋاقىت ئىچىدە، تۇۋا خەيدۇنىڭ ئەڭ سادىق ئىتتىپاقچىسى بولۇپ تۇردى ۋە خەيدۇ باشقا موڭغۇل خانلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سوقۇشلارغا ئىشتىراك قىلدى. قۇبلاي ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار، ئاساسەن، موڭغۇلىيىدە يۈز بەردى. يەتتەسۇ ئۈچۈن جوجى ئۇلۇسى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار، بولۇپمۇ بايان ( ئوردىنىڭ نەۋرىسى ) باشچىلىقىدىكى جوجى ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئەھمىيەتلىك ئىدى. جوجى ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي تارماقتىكى ئۆزلىرىنى «ئاق ئوردا» ( بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا «كۆك ئوردا» ) دەپ ئاتايدىغان خانلىرى، ئەمەلىيەتتە، تامامەن مۇستەقىل بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ قۇرۇلتايلىرىغا بارمايدىغان ئىدى. لېكىن، ئۆزلىرىنى شەكلەن ئالتۇن ئوردىنىڭ پۇقرالىرىمىز، دەپ يۈرۈيدىغان ئىدى. بايانغا ئۇنىڭ ئەمەكە ۋەچچىسى ( قېرىنداش ئۇرۇغلارنىڭ 3 — بوغۇنى ) كۆيلۈك قارشى چىقتى ھەم خەيدۇ ۋە تۇۋانىڭ ياردىمى بىلەن بايانىي قوغلىۋەتتى.

---

① جامال قارشى بۇنى ھىجرىيىنىڭ 681 - يىلى بولغان، دەپ يازىدۇ. راشىددىن ۋە ۋەسساپنىڭ يازغانلىرىمۇ مۇشۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ يېزىشىچە، بۇخارا ھىجرى 674 — يىللىرى ( مىلادى 1275 — 1276 — يىللىرى ) ۋەيران قىلىنىپ، ئارىدىن 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن ئىكەن. بۇنى دوسسوننىڭ «موڭغۇل تارىخى» 458 — بېتىدىكىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

باياﻥ جوجىچىلارنىڭ باشلىقى توختىغا (1290 — 1312) ياردەم سوراپ مۇراجىئەت
قىلدى. توختا ئۇنىڭغا دىگەندەك ياردەم كۆرسىتەلمىدى، چۈنكى توختىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۆزىگە
ئىسيان كۆتۈرۈپ قارشى چىققان غەربى قوماندانى نوغاي بىلەن سوقۇشۇۋاتاتتى، لېكىن
توختى باياﻥغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئوردا ئۇلۇسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئەينى
ۋاقىتتا خەيدۇ بىلەن تۇۋاغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ قويىلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىش تەلىۋىنى
قويدى، ئەمما بۇ تەلەپ ئورۇندالمىدى. باياﻥ 14 - ئەسىردىمۇ قويلۇق ۋە ئۇنىڭ
ئىتتىپاقچىلىرى بولغان خەيدۇ ۋە تۇۋانىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشلار ئېلىپ باردى.
14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا 18 قېتىم جەڭ بولغان ①.
13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باياﻥ قۇبلاينىڭ ۋارىسى تۆمۈرنىڭ جۇڭگودىكى ئوردىسىغا ئەل-
چىلەر ئېۋەتىدۇ. ئەلچىلەر خەيدۇ بىلەن تۇۋاغا قارشى ھەربى ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەكلىپ
قىلىدۇ. ۋەكىللەر خەيدۇ بىلەن تۇۋاغا قارشى بىرلا ۋاقىت ئىچىدە تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم
باشلاش يەنى غەربى شىمال تەرەپتىن توختى بىلەن باياﻥ ئەسكەرلىرى، پېرسى-
يەنى سوراپ تۇرغان غازان خان غەربى جەنۇپتىن، بەدەخشاننى سوراپ تۇرغان ھاكىم
شەرقى جەنۇپتىن، جۇڭگونىڭ ئىمپېرا تورى شەرقتىن ھۇجۇم قىلسا دىگەن مۆلچەرلەردە
بولىدۇ. لېكىن، خاقان تۆمۈر ئاپىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەلچىلەرنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى
رەت قىلىدۇ ②.

چىڭگىزخاننىڭ ئۇسۇلىغا ئوخشاش، خەيدۇ ئايرىم - ئايرىم ئەسكىرى قوشۇنلار تەشكىل
قىلىپ، قوشۇنلارغا ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى قوماندان قىلىپ بەلگىلەيدۇ. خەيدۇ ئۆز ئۆمرى-
نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوغۇللىرىغا ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرا رايونلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرىدۇ. جۇڭگو بىلەن بولغان چېگرىدىكى ئەسكەرلەرگە
ئوروس قوماندانلىق قىلدى، جوجى يەرلىرى بىلەن بولغان چېگرىدىكى
ئەسكەرلەرگە بايېكچەر قوماندانلىق قىلدى، ئافغانىستان چېگرىسىدىكى ئەسكەرلەرگە سار-
بان قوماندانلىق قىلدى (ئافغانىستاندىن خەيدۇ بىلەن تۇۋانىڭ قوشۇنلىرى ھولاكۇ ئەس-
كەرلىرىنى تەدرىجى ھالدا سىقىپ چىقىرىۋەتكەن ئىدى). خەيدۇنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە ئىز
باسارى چاپارنىڭ خەيدۇ ئۆزى ھايات چېغىدا قانداق رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە بىزگە
ئېنىق مەلۇماتلار يوق. چۇ دەرياسى ۋادىسىدا شۇ چاغلاردا ئورغۇن يېزىلار بولغان

① بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە راشىددىن جوجىچىلارنىڭ شەجەرىسىنى باياﻥ قىلغاندا
تەپسىلى سۆزلەيدۇ.

② دوسسوننىڭ «موڭغۇل تارىخى» 2 - توم، 515 - بېتى، راشىددىن ئەسىرىنىڭ
611 - بېتىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى ، مانا مۇشۇ ۋادىدا خەيدۇنىڭ قىزى ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەيدۇنىڭ قەۋ-رىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇردى. ئۇ باتۇر، پائالىيەتچان بىر قىز بولۇپ، دادىسىنىڭ ھەربى يۈرۈشلىرىگە بىۋاستە قاتناشتى ۋە تۇرمۇشقا چىقىشنى ياقتۇرمىدى ①. ئاخىردا خەلق ئىچىدە بۇ قىز ھەققىدە تۈرلۈك سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىپ كەتتى . بەزىلەر، خەيدۇ بۇنى قىزى سۆيمەيدە ياراتمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنى ھېچكىمگە ئەرگە بېرىشكە ئۇنىمايدۇ، دەپ يۈرىدۇ. بۇ گەپ تارقالغاندىن كېيىن، خەيدۇ قىزىغا : سەن تېزرەك تۇرمۇشقا چىقساڭ، دەپ تەلەپ قويىدۇ. بۇرۇن بۇ قىز پىرسىيە خانى غىزەنگە تۇرمۇشقا چىقمىشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، بۇچاغدا بۇ مەلىكە ئۆز دادىسىنىڭ باش داستىخانچىسى (كېلىپ چىقىشى خەنزۇ) غا تۇرمۇشقا چىقىشقا ماقۇل بولىدۇ②.

خەيدۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە بىزگىچە بىر - بىرىگەزىت مەلۇماتلار يېتىپ كەلدى. راشىددىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، 1303 — يىلى پىرسىيىگە شۇنداق خەۋەر يەتكەن، بۇ خەۋەرچە ، خەيدۇ بىلەن تۇۋانىڭ ئەسكەرلىرى بۇندىن سەل ئاۋال‌راق خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تار - مار قىلىنغان، خەيدۇ جەڭدە قۇربان بولغان، تۇۋا بولسا ئېغىر يارىلان-غان ، شۇندىن بۇيان تۇۋا سا قايىماس كېسەل بولۇپ قالغان. شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ۋە شۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان جامال قارشىنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەيدۇنىڭ 1301 - يىلى كۈزدە ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىمىز. دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنىڭ خەۋىرى پىرسىيىگە بىر يېرىم يىلدىن كېيىن يەتكەن بولىدۇ . مۇشۇ پاكىتنىڭ ئۆزى راشىددىن تەپسىلى يازغان نەرسىلەرنىڭ توغرىلىق دەرىجە-سىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خەيدۇنىڭ ئۆلۈشى ھەققىدە ۋەسساف باشقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. ۋەسسافنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، خەيدۇ خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە غالىپ بولىدۇ، ئەمما كېيىن ئاغرىپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئورۇسقا ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن

---

① خوتۇلون چاغا ( چاخا ) نىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى توغرىسىدا راشىددىن كۆپ نەرسىلەرنى يازىدۇ . ماركوپولومۇ بۇنىڭ ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. راشىددىن ئەسەرلى-رىنىڭ 1 - نەشرىنىڭ 11 - 13 - 15 - ماتېرىياللىرىغا قاراڭ. تاتارلار بۇ قىزنى ئاڭ يارىم دەپ ئاتايدىكەن. ماركو پولو بۇنى فرانسۇز تىلىدا « يورۇق ئاي » دېگەن مەنىنى بېرىدۇ ، دەيدۇ.

② راشىددىن : « خوتولون چاغا قورلاس ئۇرۇغىدىن بولغان ئاتباقول دېگەن ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقتى » دەپ يازىدۇ. بۇ كىتابنىڭ بەزى تەرجىمىلىرىگە بەرگەن ئىزاھلىرىدا، ئاتباقولنى خەنزۇ ئىدى دەپ ئىزاھلايدۇ. مىنورسكى ئۆزىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە ئاتباقولنى شىمالىي جۇڭگولۇق ئادەم، دەپلا كۆرسىتىدۇ.

سۇ ۋە ئوت - چۆپ بار جايغا ئاپىرىشنى تاپشۇرىدۇ، ئۇ مانا مۇشۇ يۈرۈشتە ۋاپات بولىدۇ.
ھازىر خەيدۇنىڭ باش ياردەمچىسى تۇۋا ئەڭ ئابرويلۇق ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ.
ۋەسساپنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، خەيدۇ ئۆز ئوغلى ئۇرۇسقا ھەر قانداق ئىشتا تۇۋا-
نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. تۇۋا بارلىق
شاھزادىلارنى خەيدۇنىڭ تاۋۇتىنىڭ ئەتراپىغا يىغىپ، بۇ شاھزادىلارنى خەيدۇنىڭ چوڭ
ئوغلى چاپارنى بۇندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا نەسىھەت قىلىپ
كۆندۈرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن خەيدۇنىڭ تاۋۇتى ئۆز ئۇرۇغىنىڭ كونا يۇرتىغا ئېلىپ
بېرىلىپ، چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى شوۋلىق دىگەن ئېگىز تاققا كۆمۈلگەن
ئىكەن. چاپار خەيدۇ دىگەن نامنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان. جامال قارشىنىڭ يازغانلىرىغا
قارىغاندا، ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇش تەنتەنىسى 1303 -- يىلى ئەتىيازدا
ئېمىل دەرياسى بويىدا بولغان ئىكەن. ئېھتىماللارغا كۆرە، بۇنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇ-
رۇشىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ، جۈملىدىن خوتۇلۇننىڭ خانلىق
تەختىگە ئۇرۇسنى ئولتۇرغۇزۇش تەرەپدارى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، دەپ مۆلچەرلىنىدۇ.
پېرسىيىگە 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خەيدۇنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش، ماجى-
رالار قوراللىق توقۇنۇش خاراكتېرىنى ئالدى، دىگەن خەۋەرلەر يېتىپ بارغان ئىكەن.
چاپارنىڭ خاراكتېرى — خۇي -- پەيلى ھەققىدە بىزنىڭ مەلۇماتىمىز ئاز ( راشىد-
دىننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، چاپارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى رۇسلارغا ياكى چېركەسلەرگە
ئوخشايدىكەندۇق ) . ئەھۋالغا قارىغاندا، چاپار پۈتۈنلەي تۇۋانىڭ تەسىرىدە بولۇپ كەل-
گەن بولسا كېرەك. تۇۋانىڭ قايناپ تۇرغان جەددى پائالىيىتى راشىددىننىڭ „ ئۇ ساقاي-
ماس ئاغرىق ئىدى » دىگەن سۆزلىرىنى تولۇق ئىسپاتلىمايدۇ. جامال قارشى تۇۋانى چاپار
ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي تىرىكى دەپ كۆرسىتىدۇ. خەيدۇ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ھالى-
سانچىلىقلار بىلەن ئاجىزلىشىپ قالغان دۆلەتنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى خېلى ئېغىر ئىدى. توختا
قويلۇقنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، دىگەن تەلەپنى يەنە قوزغىدى. ئۇنىڭ تەلىۋى رەت قىلىنغان-
دىن كېيىن، توختا 2 تۈمەن ئەسكەرنى بايانغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئېۋەتىدۇ. 1303 -
يىلى 2 - ئاينىڭ بېشىدا، راشىددىننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بايانىڭ ئەلچىلىرى باغداد
شەھىرىگە كېلىدۇ. ئەلچىلەر بايانىڭ، چاپار بىلەن تۇۋاغا قارشى شۇ يىلىنىڭ ئىچىدە
ھۇجۇم باشلاشقا تەييار تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بايانىڭ ئەسكەرلىرى خاقاننىڭ
ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ ئىككى قوشۇننىڭ قوشۇلۇشىغا پۈتلى-
كاشاڭ بولۇش ۋەزىپىسىنى خەيدۇ ئۆزى ھايات چېغىدىلا ئوغۇللىرى باي كېچەر ۋە شاخ-
لارغا، مۇنكې خاننىڭ نەۋرىسى تودا -- تۆمۈرگە ۋە ئارىق بوقىنىڭ ئوغلى مەلىك - تۆمۈر
قاتارلىقلارغا تاپشۇرىدۇ. ئەلچىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئوردا ئۇلۇسىنىڭ كۆپ قىسمى

بايان ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇپ تۇرغان، قويالۇقنىڭ تەسىرىدە بولغان. باياننىڭ ئەسكەرلىرىنى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان بۇ سوقۇشلار بەك ئاجىزلىتىپ قويىدى. ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىلا ئاتلىق ئىدى. ئېھتىمال، بۇ ئۇرۇشلار ئوردا ئۇلۇسىنىڭ مەركىزىنى يەتتە سۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا يۆتكىشىگە سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك. ئوردا ئۇلۇسىنىڭ مەركىزى يەتتە سۇنىڭ شىمالىدا 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرغانلىقى بىزگە مەلۇم ئىدى.

دەل شۇ يىللاردا تۇۋانىڭ تەشەببۇسى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىكرى پەيدا بولدى. بۇ بىرلىكنىڭ شەكلى شۇ چاغلاردا پەقەت فېدېراتسىيە شەكلىلا بولۇشى مۇمكىن ئىدى (ئۇنىڭدىن ئۇشۇقراق تەلەپنى قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى). ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى خاقاننىڭ شەكلەن رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئۆز ئارا سوقۇشماستىن تىنچ تۇرۇش مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشلىرى لازىم ئىدى. پۈتكۈل ئىمپېرىيەنىڭ كەڭ تېرىتورىيەسىدە سودا تىجارەت تامامەن ئەركىن بولۇشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق پىلان ھەممىدىن ئاۋال خاقان ھوزۇرىغا قويۇلدى. خاقان بۇنىڭغا تولۇق قوشۇلدى. 1304 - يىلى 8 - ئايدا خاقاننىڭ ئەلچىلىرى چاپار بىلەن تۇۋانىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە پېرسىيەگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىمۇ ۋە جوجى ئەۋلادىنىڭ ئوردىسىدىمۇ تۇۋانىڭ بۇ ئىدىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قارشىلىق بولمىدى. شۇنداق قىلىپ تۇختام تۈزۈلدى. ئەمما بۇ تۇختام كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن، قۇرۇق بىر قەغەز بولۇپ قالدى.

1305 - يىلى ماۋارائۇننەھردە چاپار ئەسكەرلىرى بىلەن بەزى بىر چاغاتاي شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلار پەيدا بولدى. مەزكۇر شاھزادىلار مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە يولۇقتى. تۇۋا چاپارغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ «ياش بالىلارنىڭ يېڭىلتەكلىك قىلغانلىقى» ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى. بۇ ياش يىگىتلەر ئۇنىڭ سۆزىچە كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرگە سەۋەپ بولغان. ئەمدى بارلىق جاڭجاللارنى بىتەرەپ ئادەملەر ھۆكۈم چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىگە ۋاستىچىلىك قىلىدىغان ئادەملەرنى بەلگىلىدى ۋە بۇ ئادەملەر تاشكەنتكە يىغىلىپ باش قوشماقچى بولدى، ئەمما كېلىشىم شاھزادىلار تەرەپتىن بۇزۇلدى (بۇ شاھزادىلار ئىچىدە يالغۇز چاغاتاينىڭلا ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۆگەدەينىڭمۇ ئەۋلادلىرى بار ئىدى). مەزكۇر شاھزادىلار چوقبالىق دىگەن يەردە چاپارنىڭ ئوكىسى شاھنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شاھ ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا تۇۋانىڭ يەتتە سۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئارپا دىگەن جايدا قىشلاۋاتقان ھەربى قوماندانلىرى شاھ ئەسكەرلىرىگە

ئىككىنچى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. شاھ ئۆزىنىڭ قالغان 7 مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بىلەن قېچىپ كەتتى ۋە ئۈكسى باي كېچەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. بۇ جەڭدە غالىپ كەلگەن ئادەملەر تالاس ۋادىسىدا شاھنىڭ «ئالتۇن ئوردا» سىنى ۋەيران قىلدى ۋە خۇشنا شەھەرلەرنىمۇ تالان - تاراجغا سالدى. چاپار بۇ چاغلاردا ئېرتىش دەرياسى بويىدا، ئالتايغا يېقىن جايلاردا خاقاننىڭ ھەربىي قوماندانلىرى بىلەن سوقۇشىۋاتاتتى. تۇۋا بۇ ھەربىي قوماندانلارنى دۈشمەننىڭ ھەركەت ئېلىپ بېرىپ ئوت ئېچىش ھەققىدە گەپ قىلىپ يۈرۈپ كۆندۈرگەن ئىدى. چاپار ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە شاھزادىلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى نەتىجىسىدە يېنىدا قالغان 300 چە ئاتلىق ئادىمى بىلەن تۇۋانىڭ قېشىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. تۇۋا چاپارنى رەھىمدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا تۇرىدىغان ئالاھىدە يۇرت كۆرسىتىپ بەردى. چاپارنىڭ ئۈكىلىرىمۇ غالىپ كەلگۈچىلەرگە ئىتائەتچانلىق كۆرسەتتى. چاپارنىڭ ئۆز يەرلىرى (ئەنچىسى) باي كېچەرگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. كۈيۈك خاقاننىڭ نەۋرىسى تۆكەنگە ئۆز بوۋىسىنىڭ يۇرتى تەگدى. خەيدۇنىڭ مەلىك تۆمۈر بىلەن بىللە خاقاننىڭ يېنىغا كەتكەن ئەسكەرلىرىدىن باشقا ئادەملىرى تۆكەمە، باي كېچەر ۋە شاھلارغا بۆلۈپ بېرىلدى. بۇ يەردە شاھقا چوڭ ھۆرمەت كۆرسىتىلدى.

ۋەسسافنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بىر يىلنىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن. ۋەسسافنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، تۇۋا 1307 - يىلى پارالىچ كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان ئىكەن، ئەمما، راشىددىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، تۇۋا مېڭىسىگە سوغ تېگىپ ئۆلگەن ئىكەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر 1306 - يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى پېرسىيىگە يېتىپ كەلگەن. شاھزادىلار تۇۋانىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى كۈنجەكنى باركۆلدىن (ئەسلىدە بارسكۆل - يەنى بارسلار ئولتۇرغۇن كۆل دېگەن مەنىدىكى گەپ) چاقىرىپ ئېلىپ كېلىپ، ئالمالىقنىڭ يېنىدا سەپكۈنبالا دېگەن جايدا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. كۈنجەك 1308 - يىلى يۇلتۇزدا ۋاپات بولدى. بۇ خانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلاردا شاھزادىلارنىڭ بىر قېتىم ئىسيانى بولدى. ئىسيانچىلار بۆرى بېشى دېگەن جايدا (بۇ جاي تۆمۈرلەڭنىڭ ھەربىي يۈرۈش تارىخىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، جاينىڭ ئۆزى سىر دەريا ئوبلاستىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياكى يەتتە سۇنىڭ غەربىي قىسمىدا بولسا كېرەك) ئاۋال غالىپ كەلدى، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يۈز ئۆرۈشى نەتىجىسىدە تار - مار قىلىندى. ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقى ئۆگدەينىڭ ئەۋلادىدىن بولغان شاھزادە كۆرسىبە قېچىپ كېتىۋاتقان يېرىدە ئۆلتۈرۈلدى.

---

① بۇ ۋەقەلەرنى راشىددىنىڭ يازغانلىرىدىن ئالدۇق، ۋەسساف بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ.

خانلىق تەختىنى بۇ قېتىم 1251 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن بۆرىنىڭ نەۋرىسى شاھزادە تالىكو ئىگەللىۋالدى. بۇ ئادەمنىڭ بېشى چوكىيىپ قالغان ئىدى. تالىكو كىرمەنلىك مەلىكىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى خىزىر ئىدى. باشقا شاھزادىلار تالىكونىڭ ئىسلام دىنىغا بەكرەك يان بېسىپ ئۇنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋە شۇنىڭدەك تۇۋانىڭ ئوغلى ھەممە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارشى قوللانغان چارىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نارازى ئىدى، باشقا نۇرغۇن ئادەملەر خانلىق تەختىگە تۇۋانىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرسى ئولتۇرغان بولسا قانۇنلۇق بولار ئىدى، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. بۇخىلدىكى ئادەملەرنى بۆرىنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئۆرۈك دېگەن ئادەم، چاپارنىڭ ئىنىسى شاھ قاتارلىقلار قوللايتتى. گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، بۇ ئادەملەرگە چاپارنىڭ ئۆزى قۇترىتقۇلۇق قىلغان ئىكەن. تالىكو بارلىق شاھزادىلارنى چوڭ تويغا يەنى قۇرۇلتايغا تەكلىپ قىلغاندا، ئۆرۈك بىلەن شاھ بۇ يەرگە كېلىشكە ئۇنىماي ئىسيان كۆتەرگەن. جەڭ مەيدانىدا ئۆرۈك ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلگەن. شاھ ئەسىرگە ئېلىنغان. تالىكو ئەسكەرلىرىنىڭ باشقا ئىسيانچىلارغا قارىتا قىلغان ھەركەتلىرىمۇ ئوبدان ئۇتۇقلۇق بولغان. خان بىلەن ئوچۇق مەيداندا كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا ئاجىزلىق قىلغان تۇۋانىڭ ئوغۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن تويغا كەلگەن ۋە بۇ يەردە خاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست ھازىرلىغان. كېچىسى تۇۋانىڭ ئوغلى كېبەك 300 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن تۇيۇقسىزدىن خان ياتقان چېدىرغا ھۇجۇم قىلىپ تالىكونى ئۆلتۈرگەن. ۋەسسافنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، بۇ ئىش 1308 — 1309 - يىللاردا (ھىجرىيە 708 - يىلى) يۈز بەرگەن ئىكەن. مۇڭغۇل تارىخىنىڭ شەجەرىسىنى يازغان ئاپتور تالىكونىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىنى 1309 — 1310 - يىللار (ھىجرىيە 709 - يىل) دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىنى ھىجرىيە 710 - يىل دەپ كۆرسىتىدۇ.

چاغاتاي ئۇلۇسىدا پەيدا بولغان بۇ مالىمانچىلىق چاپاردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى پەيدا قىلدى. چاپار تۆكمە، باي كېچەر ۋە ئۇرۇسنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىككە كېلىپ كېبەككە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە تار - مار قىلىندى. چاپار تۆكمەنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ ئىگەللەپ تۇرغان يەرلەرگە كىردى. بۇ يەردە ئۇلار

---

① ۋەسساف مۇشۇنداق دەپ يازىدۇ. لېكىن بۇنى راشىدىدىننىڭ يازغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. ژۇۋالىرىغا قارىغاندا، بۇنىڭ دەل مۇشۇنداق بولۇشىغا ئاز - تولا گۇمانىمۇ يوق ئەمەس. شۇنىسى ئېھتىمالغا يېقىنكى، راشىدىدىننىڭ قەدىمقى قول يازمىلىرىغا قارىغاندا، تالىكو بۆرىنىڭ بالىسى بولماستىن، چاغاتاينىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئوتتۇرىسىدا جىدەل چىقتى. چاپار تۆكمەنى تار - مار قىلىپ، ئۇنىڭ يۇرتىنى ۋەيران قىلىپ، شەرق تەرەپكە — خاقاننىڭ يېنىغا ماڭدى. تۆكمە قېچىپ يۈرگەن يېرىدىن كېبەكنىڭ قوشۇنلىرىغا يولۇقۇپ قېلىپ، ئارىدا جەڭ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. دۆلەت مانا مۇشۇنداق ئۆز ئارا ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە بەك خانىۋەيران بولدى. بولۇپمۇ دىخانچىلىق ۋە سودا - تىجارەت قاتتىق زەربە يېدى. كېبەك بارلىق شاھزادىلارنى قۇرۇلتايغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى (ۋەسسافنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، مەزكۇر قۇرۇلتاي ھىجرىيە 709 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئېچىلغان ئىكەن)، قۇرۇلتايدا خانلىق تەختىگە كېبەكنىڭ ئاكىسى ئېسەن بۇقا قويۇلدى. بۇ ئادەم شۇ چاغلاردا شەرق تەرەپتە خاقانغا بىۋاسىتە قاراشلىق يەرلەردە ئىدى. خەيدۇغا تېگىشلىك جايلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەندىلىكتە چاغاتاي شاھزادىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. خەيدۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن پەقەت شاھ يالغۇزلا ئالاھىدە ماكانغا ئىگە بولدى ۋە ئالاھىدە مىڭبېشى بولدى.

ئېسەن بۇقا ئۆزىگە تېگىشلىك يەرلەردە مەلۇم دەرىجىدە ئىچكى تەرەپتىن تېچلىق - خاتىرجەملىك ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن، ئۇ، خانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋرلەردە، تاشقى تەرەپتىن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە بۇ سوقۇشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ پاراۋانلىقىغا تەسىر كۆرسەتتى. قىشتا قوبۇق دەرياسى بويىدا، يازدا ئىسون - موردىن دەرياسى (ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى) بويىدا تۇرغان خاقان ئەسكەرلىرىنىڭ قاراۋۇللىرى بىلەن بولغان چېگرا توقۇنۇشلىرى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى ①. بۇ ئۇرۇش داۋامىدا خاقان قاراۋۇلىنىڭ قوماندانى 3 ئاي داۋامىدا بېسىپ بارىدىغان يەرلەرنى ۋەيران قىلدى. خاقاننىڭ باشقا بىر تارماق ئەسكىرى قىرىق كۈندە بېسىپ بارىدىغان يەرلەرنى خانىۋەيران قىلدى. خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى ئېسەن بۇقىنىڭ ئۆزىنىڭ قىشلىق قارارگاھىنى (ئىسسىق كۆل يېنىدا) ۋە يازلىق قارارگاھىنى (تالاس يېنىدا) تالان — تاراج قىلدى. ئېسەن بۇقىنىڭ 1312 - يىللاردا جوجى ئۇلۇسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ئۆزبەك بىلەن بىرلىشىپ، خاقانغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە بولغان دەسلەپكى ئۇرۇنۇشلىرى باشقا چىقمىدى، پەقەت 1315 — يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئىككىسىنىڭ شۇ چاغدا پېرسىيىنى سوراپ تۇرغان ئولجەيت ② كە بولغان ئورتاق دۈشمەنلىكى ئاساسىدا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئانچە - مۇنچە يېقىنلىشىش يۈز بەردى. چاغاتاي ئەسكەرلىرى پېرسىيىدە شاھزادە ياساۋۇرنىڭ خائىنلىقى نەتىجىسىدە يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى.

① بۇ سوقۇش ھەققىدە راشىددىننىڭ يازغانلىرىغا قاراڭ، ئاسىيا مۇزېيخانىسىدىكى قوليازمىلارنىڭ 566 - نومېر a - 556 ( D • 66 ) 473 - ۋارىقى.

② دوسسون «موڭغۇل تارىخى» نىڭ 4 - تومى 574 بېتىگە قاراڭ.

تارىخچىلار ئەسەن بۇقىنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ئۈستىدە توختىمايدۇ. ئېھتىماللارغا كۆرە، ئۇ، 1318 - يىل ئەتراپىدا ۋاپات بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇكىسى كېبەك 8 يىل يۇرت سوراپ، 1326 - يىلى (ھىجرىيىنىڭ 726 - يىلى) ۋاپات بولغان. بۇ مەلۇمات شۇ چاغلاردا چىقىرىلغان مېتال پۇللاردىن ئېلىنغان. تارىخچىلار كېبەكنىڭ ئۆلۈمىنى 721 - ھىجرىيىدە بولغان، دەپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ كەلگەن. ئەرەپ ساياھەتچىسى ئىبنى باتتۇتا 1333 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن ۋە بۇ يەردە كېبەك توغرۇلۇق بىرقىسىم گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان. شۇ گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، كېبەك ئادىل ھاكىم بولغان. پۇخرالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۆزى شامان دىنىدا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، دائىم مۇسۇلمانلارغا يان بېسىپ، ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ كەلگەن ①. كېبەكنىڭ دۆلەتنىڭ پاراۋانلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى تارىخچىلارمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ، مۇسەۋۋى بۇ جەھەتتە كېبەكنى ئەسەن بۇقا بىلەن سېلىشتۇرىدۇ، لېكىن كېبەك پەقەت ماۋارائۇننەھر بىلەن ئافغانىستانىغىلا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭ پايتەختى شۇ چاغدا نەخشەپ شەھىرى بولغان ئىكەن. بۇ شەھەرنى كېبەك ئۆزىگە پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، «ساراي-ئوردا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قارشى دىگەن نامغا ئۆزگەرتكەن (كېبەك مۇشۇ شەھەردىن 15 چاقىرىم يەنى 2،5 پەرساخ يىراقلىقتىكى بىر جايغا ئالاھىدە بىر ساراي سالدۇرغان ئىكەن ②).

تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، كېبەك تەبىئىي ئۆلۈم بىلەن ۋاپات بولغان ئىكەن. ئىبنى باتتۇتانىڭ سۆزىچە بولسا، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇكىسى تارماشىرىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. كېبەك ۋاپاتىدىن كېيىن تارماشىرىن خانلىققا كۆتۈرۈلگىچە ئۇۋانىڭ ئىلچىگىدەي ۋە دۇررا — تۆمۈر ئىسىملىك باشقا ئىككى ئوغلى ئاز ۋاقىت يۇرت سوراپ تۇرغان ئىكەن. ئىلچىگىدەي ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا كاتولىك دىنىنىڭ تەشۋىقاتى خېلىلا ئوڭۇشلۇق باشلانغان ئىكەن. بۇنى دومىنىكالىق فوما مانگا زولا ئېلىپ بارغان. فوما 1329 - يىلى ئاۋىن ئونغا قايتىپ كېتىدۇ. پاپا (كاتولىك دىنىنىڭ باشلىقى) ئىۋان XXII ئۇنى قايتىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا - سەمەرقەنتكە خىرىستىيان دىنى مۇتەۋەللىسى ئەملى بىلەن ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ قولىغا ئىلچىگىدەيگە تاپشۇرسۇن، دەپ مەخسۇس بىر پارچە خەت بېرىدۇ. ئەمما فوما قايتىپ كەلگىچىلىك، مېتال پۇللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىلچىگىدەي ئالەمدىن ئۆتكەن بولىدۇ. (ئىلچىگىدەي زامانىسىدىمۇ، كېبەك زامانىسىدىمۇ مۇشۇ دۆلەتتىكى ئاساسىي رول ماۋارائۇننەھردە بولغان ئىكەن).

---

① ئىبنى باتتۇتانىڭ 3 - توم، 31 -، 32 - بەتلىرىگە قاراڭ.

② بۇ مەلۇمات شەرەپىددىن يەزدىنىڭ پ. ت. دىلە. كروئا تەرجىمە قىلغان 1 - توم 95 - بەتتىن ئېلىنغان.

دۇررا - تۆمۈر خانلىق تەختكە كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر، ئېھتىماللارغا قارىغاندا، شەرق-تىكى بىر ئوبلاستىنىڭ ۋالىسى بولغان بولسا كېرەك. جوڭگونىڭ يىلنامىلىرىدا ئۇنىڭ يۇرتىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى پەيدا بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن جوڭگودىن ئېۋەتىلگەن ئىقتىسادىي ياردەم ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان ئىكەن.

مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، 1326 - يىلىنىڭ ئاخىرى تەختكە ئولتۇرغان تارماشىرىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ ئادەمگە مۇسۇلمانچە ئالائىددىن (دىنىنىڭ ئۇلۇغلىقى) دېگەن نام بېرىلىدۇ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە موغۇل خەلقى ئادەتلىرىگە سەل قارىغانلىقى تۈپەيلىدىن، موغۇللار ئۇنىڭغا — تارماشىرىنگە قارشى چىقتى. تارماشىرىن ئادەتتە بۇرۇن ھەريىلى بىرقېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان شاھزادىلارنى چوڭ تويغا تەكلىپ قىلىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇ ئافغانىستاندا سوقۇشلار ئېلىپ باردى ۋە ئەسكەر باشلاپ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى ①. ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا پۈتۈنلەي كۆڭۈل بۆلمىدى، ئۆزى خانلىق قىلىپ تۇرغان يىللارنىڭ ئاخىرقى تۆت يىلى ئىچىدە، ئالمىلىق شەھرىگە ۋە شەرق تەرەپتىكى يەرلەرگە بىرەر قېتىممۇ بارمىدى. يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندەك، مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە چوڭ ھەۋەس بىلەن يان باسقان مۇبارەكشاھ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا خانلارغا موغۇللارنىڭ نارازى بولۇشى، ئىككىنچى تەرەپتىن، كۆچمەن خەلقلەر بىلەن ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي كۆرەشلەرگىمۇ باغلىق. 1334 - يىلى دۇررا تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى بۇزان دېگەن ئادەم موغۇللارنىڭ ياساسىغا (ئادەت قانۇنىغا) خىلاپلىق قىلدىڭ دەپ، تارماشىرىنگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىبنى باتتۇتانىڭ گۇۋالىق بېرىپ يازغانلىرىغا قارىغاندا، بۇزان مۇسۇلمان ئىكەندۇق، (شەرەپىددىن ۋە ئۇلۇقبەكنىڭ مەلۇماتلىرىغا زىت كېلىدۇ②) لېكىن خەلقنىڭ ئادەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ كەلگەن ئىكەن. تارماشىرىن چەت جاي — غەزنە تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما يولدا كىبەكنىڭ بالىخنى سوراپ تۇرغان ئوغلى ياڭكى تەرىپىدىن قولغا چۈشىدۇ. ئۇ بۇنى بۇزانغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ ۋە نەتىجىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئىبنى باتتۇتا بۇزان ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: ئۇ، پۇقرالىرىغا نىسبەتەن ئادىل ئەمەس ئىدى، مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلاتتى، خىرىستىيان دىنىدىكىلەرگە ۋە يەھۇدى

① بۇ ھەربىي يۈرۈشلەر ھەققىدىكى بايانلاردا بەزى زىت كېلىدىغان مەلۇماتلارمۇ بار. بۇ ھەقتە مەھدى ھۈسەيىننىڭ ئەسىرىگە قاراڭ. 100 — 107 - بەتلەر.

② بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە ئىبنى باتتۇتا بەك تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. ئىبنى باتتۇتا 3 - توم 47 — 51 - بەتلىرىگە قاراڭ.

(يېۋىرى) لارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلغان، دەيدۇ. شەرەپىددىن ۋە مۇسەۋىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، بۇزان كۆپلىگەن شاھزادە ۋە ئەمەلدارلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ئىكەن، مىتال پۇللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇزاننىڭ خانلىق قىلغان دەۋرى ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان. تۇۋانىڭ نەۋرىسى ئېبر بۇگۇننىڭ ئوغلى جەڭگىچى يەنىلا شۇ 1334 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. جەڭگىچى ئىسلام دىنى تەرەپدارى ئەمەس ئىدى. مۇسەۋى بۇ ئادەمنى بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ يان باسارى ئىدى، دەپ سۆزلەيدۇ. جەڭگىچى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانغا قەدەر، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئىدى. 1322 - يىلى ئۇ قولغا چۈشكەن 172 رۇس ئەسىرنى جۇڭگوغا يوللاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل ئىنئام قىلىدۇ ①. خان ئاساسەن ئالمالىق شەھىرىدە تۇرغان بولسا كېرەك. ئۇ خانلىقتا تۇرغان چاغدا كاتولىك دىنىنىڭ تەشۋىقاتىمۇ مۇشۇ يەرگە كەلتۈرۈلىدۇ. جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئارخىيېپىسكوپ (خرىستىيان دىنىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك مۆتىۋەللىسى) سۈپىتىدە ئېۋەتىلگەن فىرانسىسكانلىق نىكولاي دىگەن ئادەمنى جەڭگىچى ئوردىسى ئوبدان قوبۇل قىلىدۇ. كاراسمون ۋە يېخانەن (نېستورىيان دىنىدىكى ئادەملەر بولسا كېرەك) دىگەن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار پاپا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن خرىستىيان دىنىنىڭ بۇ باشلىقى شەرىپىگە ئالمالىق يېنىدىكى چوڭ بىر جاينى ئىنئام قىلىدى. كېيىن بۇ يەرگە ناھايىتى چىرايلىق چېركاۋ سېلىندى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، بىز ئالمالىق شەھرىگە بورگۇندىيەلىك رىچارد ئىسىملىك ئادەمنىڭ يېپىسكوپ ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىسكەندىرىيەدىن كەلگەن ماناخ (دەرۋىش) فىرانسىسكا، رايموند روفاللارنى، ئىسپانىيىدىن كەلگەن پوپ پاسخالىسنى، پورۋۋانىستىن كەلگەن ئاكىا - ئۆكىا دىندار پېشىۋىز دىگەن ئادەمنى، ئىسكەندىرىيىدىن كەلگەن لاۋرىنتىيى دىگەن كىشىلەرنى كۆرىمىز. بۇ ئادەملەر ئاغرىپ قالغان خاننى داۋالاپ ساقايتىدۇ. داۋالاپ ساقايتقانلىقى ئۈچۈن خاننىڭ 7 ياشلىق بالىسىنى خرىستىيان دىنىغا چوقۇندۇرۇشقا رۇخسەت ئالىدۇ ۋە بۇ بالىغا ئىيوئان دەپ نام بېرىدۇ. پاسخالىس 1338 - يىلى كۈن - ئۆرگەنچ دىگەن جايدىن يولغا چىقىپ، 5 ئاي دىگەندە ئالمالىققا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئادەمگە يولدا ئاستا مېڭىشقا، بەزى يەرلەردە توختاپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى مەملىكەت ئىچىدە جېدەل - ماجىرا بولۇۋاتقان ئىدى. مۇشۇ ماجىرالار داۋامىدا جەڭگىچى ئۆزىنىڭ ئۇكىسى تەرىپىدىن

① بىرەتش نەيدىر ئەسىرىنىڭ 2 - تومى 81 - بېتىگە قاراڭ.

ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇسەۋىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، جەڭگىچى كېچىسى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىگى ئېنىقلانماي قالغان. پاسخالىسنىڭ گۇۋالىقىنى ئۆتۈپ يېزىشىچە، جەڭگىچىنىڭ قاتىلى ئۇنىڭ ئۆز ئۆگىسى ئېسون تۆمۈر بولىدۇ. ئۇلۇقبەگنىڭ سۆزلىرىدىمۇ بۇ ئەھۋالنى راست دەپ قارايدۇ. ئېسون تۆمۈر بۇ ئىشتا كېيىن بەك ئۆكۈنۈپ ۋىجدانى ئازاپلىنىپ ساراڭ بولۇپ قالىدۇ ۋە نەتىجىدە ئۆز ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان ئاپىسىنىڭ ئىككى ئەمچىگىنى ئۆيۈپ كېسىۋېتىدۇ.

1338 - 1339 - يىللاردا، يەتتە سۇدا دەھشەتلىك ۋابا كېسىلى ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى نېستورىيان دىنىدىكىلەر يېزىپ قالدۇرغان. ئەمما پاسخالىسنىڭ يازغانلىرىدا ۋە باشقا تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئەھۋال زىكرى ئېتىلمەيدۇ.

ئېسون - تۆمۈر ئۆگدەي ئەۋلادىدىن بولغان شاھزادە مۇسۇلمان ئەلى سۇلتان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەلى سۇلتان خانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، خىرىستىيان دىنىغا قارشى دەھشەتلىك زۇلۇم يۈرگۈزىدۇ. بۇ ئىشتا مۇسۇلمان دىنىدىكى ئاددى پۇقرالار ئىشتىراك قىلىدۇ. نەتىجىدە، يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن كاتولىك دىنىدىكى مىسسىيونېرلار 1339 - يىلى ئازاپ بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مۇشۇ يۈرگۈزۈلگەن زۇلۇملار نەتىجىسىدە، يەتتە سۇدىكى نېستورىيان دىنىدىكىلەرمۇ زىيان تارتقان بولسا كېرەك. بۇ نېستورىيان دىنىدىكىلەر ئىچىدە دۆلەت ئىچىدە ئەمەل تۇتۇپ تۇرغانلارمۇ بار ئىدى②. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئەلى سۇلتان يالغۇز خىرىستىيان دىنىغىلا قارشى قاتتىق قوللۇق قىلىپ قالمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. مۇسۇلمان تارىخچىلىرىمۇ بۇ ئادەمنى قاتتىق زالىم ئىدى، دەپ يازىدۇ. ئەلى سۇلتاننىڭ ئورنىغا كۆن - چەك دېگەن خاننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت پولات دېگەن ئادەم ئولتۇرىدۇ. كېيىن مۇھەممەت پولاتنىڭ ئورنىغا ياساۋۇرنىڭ ئوغلى قازان دېگەن ئادەم ئولتۇرىدۇ.

ئىبنى باتتۇتا بۇ خانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۈستىدە توختاپ ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، بۇزان خانغا قارشى ياساۋۇرنىڭ ئوغلى خەلىل قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان ئىكەن. خەلىلگە بۇ ئىشتا گېراتنىڭ پادىشاسى مەلىك خۇسەيىن ياردەم كۆرسەتكەن ئىكەن. مەلىك خۇسەيىننىڭ ئىتتىپاقچىسى ۋە ۋەزىرى تېرمىزلىق ئالا ئەلمۇلۇك خۇداۋەندە زادە دېگەن ئادەم ئىكەندۇق.

جەڭ ۋاقتىدا بۇزاننىڭ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇزاننى تۇتۇپ دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، كېيىن بۇزان بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. خەلىل ماۋارائۇننەھرگە ئىگە بولىدۇ

---

① خۇاسوننىڭ: «قوشۇمچە ۋە تۈزىتىشلەر» دېگەن كىتاۋىنىڭ 306 - بېتىگە قاراڭ.

② خۇاسوننىڭ: «قوشۇمچە ۋە تۈزىتىشلەر» دېگەن كىتاۋىنىڭ 307 - بېتىگە قاراڭ.

ۋە ئالمالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ . تاتارلار ئۆزلىرىگە باشقا بىر ئادەمنى خان قىلىپ كۆتىرىدۇ ۋە خەلىلگە قارشى چىقىدۇ . ئەمما ، سوقۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ . خەلىل ئالمالىقنى ئىگەللەيدۇ ، جۇڭگونىڭ چېگرىلىرىغىچە يېتىپ كېلىدۇ ۋە قارا قۇرۇم ، بەشبالىق دېگەن شەھەرلەرنى بېسىۋالىدۇ . جۇڭگونىڭ ئىمپېراتورى خەلىلگە قارشى ئەسكەر چىقىرىدۇ ، كېيىن ، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ تىنچلىق بىتىمى تۈزەيدۇ . خەلىل خۇداۋەندە زادىنى ئالمالىقتا تۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى سەمەر-قەنتكە قايتىپ كېلىدۇ. خۇداۋەندە زادىنى كۆرەلمىگۈچىلەر ئۇنى خەلىلگە چېقىپ، ئۇنىڭدا گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدۇ . خەلىل ئۆزىنىڭ ۋەزىرىنى ئالمالىقتىن چاقىرتىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ . مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ، خەلىل بىلەن مەلىك خۇسەيىن ئارىسىدا ماجرا تۇغۇلىدۇ . خەلىل جەڭ مەيدانىدا مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ئۇنى گىراتنىڭ پادىشاسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، گىرات پادىشاسى ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، تۈرمىشىغا يۇقۇرى تەمىنات بەلگىلەپ بېرىدۇ. 1347 - يىلى باھار پەسلىدە ئىبنى باتتۇتا ھىندىستاندىن قايتىپ كېلىۋېتىپ گىراتتىن ئۆتكەندە، خەلىل يەنلا مۇشۇ شەھەردە ئىكەندۇق.

مۇشۇ بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە راست ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش خېلى تەس، مۇشۇ بايان قىلىنغان پاكىتلارغا قارىغاندا، خەلىل قازانغا ئوخشىمايدۇ ۋە تارىخچىلار تەرىپىدىن ئەسلەپ ئۆتۈلمەيدۇ. ئەمما، 743 - ۋە 744 - ھىجرىيە يىللىرىدىكى يەنى مىلادى 1342 - ، 1344 - يىللاردىكى تەڭگىلەردە ئۇنىڭ نامى ساقلىنىپ قالغان. خۇسە-يىن بىلەن بولغان جېدەل - ماجرانى ۋە كېيىن ئۇنتۇرىدا بولغان يارىشىشنى تارىخچىلار قازاننىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن تۈرك ئەمىرى قازاغان ئىدى ، دەيدۇ .

قازان ئۆز ئارا جېدەل - ماجرالار نەتىجىسىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن خان ھاكىمىيىتىنىڭ ئابروي - ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆردى ، تۈرك ئەمىرلىرى بىلەن كۈرەش قىلدى ، ئەمما بۇ كۈرەش قازان ئۈچۈن ئوڭۇشسىز بولدى . 1347 - يىلى ، قازان ئەمىر قازاغان بىلەن بولغان جەڭدە ھالاك بولدى . ماۋارائۇننەھردىكى شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن چاغاتاي خانلىرى شەكىل ئۈچۈنلا قويۇپ قويۇلغان ئادەملەر بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق - ھاكىمىيەت تامامەن تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ قالدى .

## VII

## موغۇلىستان * .

تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ يەنى مۇسۇلمانلار گۇرۇھىنىڭ غەرب تەرەپتىكى تولۇق غەلىبىسى دۆلەتنىڭ شەرق تەرىپىدىكى موڭغۇل ئەمىرلىرىنىڭ تەختكە ئۆزلىرىنىڭ خانلىرىنى كۆتىرىشكە

* بۇ دەۋرگە ئائىت ئاساسىي تارىخىي مەنبە — مۇھەممەت ھەيدەر دوغلات تەرىپىدىن

( ئاخىرى 73 - بەتتە )

بولغان ئىنتىلىشىنى قوزغىدى. بۇ ئەمىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى پۇلاتچى ئىدى. پۇلاتچىنىڭ قارىمىقىدىكى جايلار تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ يەرلىرى بىلەن بىۋاستە چېگرىلىناتتى. پۇلاتچىنىڭ يەرلىرى ئەندىلىكتە ماڭلاي سۇبە دېگەن نامنى ئالدى (بۇ سۆز «ئەڭ ئالدىنقى ۋىلايەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ). ماڭلاي سۇبەنىڭ دائىرىسىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەردىن تارتىپ كۇچارغىچە بولغان قىسمى ۋە يەتتە سۇنىڭ ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى قىسىملىرى كىرگەن.

ئەمىر پۇلاتچى 1348-يىلى غۇلجا ۋىلايىتىدىن مۇزات داۋىنى ئارقىلىق 18 ياشلىق شاھزادە تۇغلۇق تۆمۈرنى ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈرنى تۇۋانىڭ نەۋرىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ھەممە خەلقنى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ خانى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا كۆندۈردى. تۇغلۇق تۆمۈرنى بۇ كەمگىچە موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئوغلى ئىدى، دەپ ھېساپلاپ يۈرەر ئىدى. ئەمدى بولسا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئانىسى تۇۋانىڭ ئوغلى ئىمىل-خوجاغا تۇرمۇشقا چىققان، ئىمىل-خوجا ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ ئايالى ھامىلدار قالغان. تۇغلۇق تۆمۈر تېخى تۇغۇلمىغاندىلا ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەرگە چىققان ۋە شۇ ئىككىنچى ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇغلۇق تۆمۈرنى تۇغقان. شۇڭلاشقا، تۇغلۇق تۆمۈر ئىمىل-خوجىنىڭ بالىسى ھېساپلىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلىندى. پۇلاتچىنىڭ خان ئۇرۇغىنىڭ بۇ ئەۋلادىنى قانداق تېپىپ ئالغانلىقى ھەققىدە باشقا بىر ھېكايىلارمۇ سۆزلىنىدۇ ①. شۇنداق قىلىپ، موغۇللار تەرىپىدىن خانلىققا كۆتۈرۈلگەن بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن شاھزادە ئىكەنلىكى چوڭ گۇمانلىق ئىش بولۇپ

① مۇھەممەت ھەيدەر ۋە بابۇر تۇغلۇق تۆمۈرنى ئېسەن بۇقا خاننىڭ ئوغلى، دەپ يازىدۇ. بۇ ئىشنى يىللارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلسە مۇمكىن ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» كىتاۋىدۇر. مەزكۇر ئەسەر 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، يېقىندا بۇ كىتاپنىڭ ئىنگلىز تىلىدا قىلىنغان تەرجىمىسى چىقتى. رۇس تىلىدا مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئايرىم پارچىلىرى ۋېليامىنوۋا -- زېرنوۋا دېگەن ئادەمنىڭ «قاسىمۇۋسىك پادىشالىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىنىڭ 2-قىسمىدا كەلتۈرۈلگەن. مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ مەزكۇر كىتاپتا يازغان مەلۇماتلىرىدا مۇھىم قوشۇمچىلارنى ۋە تۈزىتىشلەرنى بابۇر ئۆزىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە بېرىدۇ (بابۇرنىڭ يازغانلىرىنى ئۇنىڭ «خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ لېيدېن-ئېرسكىن دېگەن ئادەمنىڭ ئىنگلىز تىلىغا قىلغان تەرجىمىسىدىن پايدىلاندۇق). تۆمۈرلەڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ تارىخىنى يازغۇچىلاردىن مۇسەۋى، شەرەپىددىن يەزدى، ھاپىزى ئابرۇ ۋە ئابدۇراززاق سەمەرقەندىلەرنىڭ يازغان ماتېرىياللىرىمۇ تولۇقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرىدۇ. ئابدۇراززاق سەمەرقەندىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم پارچىلىرىنى

( ئاخىرى 74-بەتتە )

قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئادەمنى مۇشۇ ئورۇنغا تاللاپ قويۇش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. تۇغلۇق تۆمۈر 1360 -- يىلى بارلىق تۈرك ئەمىرلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. تۇغلۇق تۆمۈر 1362 — 1363 -- يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى ماۋارائۇننەھردىن سىقىپ چىقىرىلدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئالمى-لىقتا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ قەۋرىسى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئالمىتو دىگەن يەردىن 8 چاقىرىم، خورىن مازار دىگەن تارانچى يېزىسىدىن 1 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا دەپنە قىلىنغان.

پولاتچى ۋە تۇغلۇق تۆمۈر بەرپا قىلغان دۆلەتنىڭ تەركىۋىگە قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەت ئوچىقى بولۇپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستاندىن باشقا، شىمالدا ئېرتىش ۋەدىسىدىن تىيانشانغىچە بولغان جايلار، بارسكۆلدىن باشلاپ پەرغانە ۋە بالقاشقىچە بولغان كەڭ جاي-لار كىرگەن. بۇ يەرلەردە كۆچمەن ئاھالە ياشايتتى. شىمالدىن جەنۇپقىچە، شەرقتىن غەرپ-كىچە بولغان بۇ كەڭرى جايلارنى ئاتلىق 7 -- 8 ئايدا مېڭىپ چىقىشقا بولار ئىكەندۇق. بالقاش كۆلى شۇ ۋاقىتتا كۆكچە دېڭىز دەپ ئاتىلىپ، موغۇلىستان بىلەن ئۆزبەكىستاننىڭ (يەنى جۇجى ئەۋلادىنىڭ) يەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا دەپ ھىساپلانغان ئىكەن، بۇ دۆلەتنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك جەھەتتە (ئاھالىسىنىڭ تەركىۋى جەھەتتە) بۇرۇن چاغاتايغا قاراپ كەلگەن غەرپ تەرەپتىكى يەرلەردىن قانچىلىك دەرىجىدە پەرق ئىتىلىدىغانلىقى ئۈستىدە بىر نەرسە دېيىش قىيىن، يەنى، موڭغۇللارنىڭ تۈركى ئامىللار تەسىرىگە بويسۇنغانلىقى ھەققىدە بىر-نىمە دېيىش تەس. تۇرمۇش جەھەتتىن ئالغاندا، شەرق تەرەپتىكى كۆچمەنلەر بىلەن غەرپ تەرەپتىكى ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى پەرق بەك چوڭ ئىدى. چاغاتاي دۆلىتىنى ھەتتا تۆمۈرلۈكمۇ بىرلىككە كەلتۈرەلمىگەن. ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە ھىمداشلىق قىلماسلىق خانلارغا قارىغاندا خەلق ئىچىدە تېخىمۇ كۈچلۈكرەك

---

كاتىرمېر دىگەن ئادەم فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كۆرسەتتى. دوكتۇر بىرنىشنېيدېر ئۆزىنىڭ Mediaeualzeseazches دىگەن كىتاۋىدا جۇڭگو مەلۇماتىدىن ئالغانلىرىنى كۆرسەتتى.

( بارتولد ھايات چېغىدىمۇ ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»دا موغۇلىستان ھەققىدە يېزىلغان ئوبزورنىڭ ئورنىنى دەسسىگۈدەك تەتقىق قىلىپ چىققان بىرەر ئەسەر ھازىرغىچە پەيدا بولمىدى. ئەمما بارتولد پايدىلانغان مەنبەلەر نەشر قىلىندى ۋە شۇ مەنبەلەر ئۈستىدە تەتقىقاتلار بولدى. بابۇر نامىنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىنى بارتولد ئەسىرىنىڭ مۇشۇ نەشرىنىڭ 1 - تومىدىكى مۇندەرىجىسىدىن كۆرۈڭ. شەرىپىددىن يەزدى، ھاپىز ى ئابرۇ ۋە ئابدۇراززاقلارنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىنىمۇ يۇقۇرقى مۇندەرىجىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بارتولد تەرىپىدىن ئەسكەرتىلمىگەن تارىخچى نىزامىددىن شامىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ يۇقۇرقى مۇندەرىجىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانچە ئىسىملارنى قوللىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ كۆپچىلىكى بولسا ئىسلام دىنىدا ئەمەس ئىدى. پەقەت 15 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىلا ئۇلارنىڭ غەرپ تەرەپتىكى خوشنىلىرى ئۇلارنى مۇسۇلمان دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن پىكىرگە كەلدى. تۆمۈرلەڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ دۆلىتى موغۇلىستان ئاھالىسىنى «جېتە»، دېگەن ھاقارەت مەنىسىدىكى سۆز بىلەن ئاتاپ كەلدى، «جېتە» — بۇلاڭچىلار، قاراقچىلار، دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىكەن، «جېتىلەر ئىلى»، دېگەن ئاتالغۇنى تارىخچىلار «موغۇلىستان»، دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىپ كەلگەن①.

پولاتچى تۇغلۇق تۆمۈردىن ئەۋلەرەك ئالەمدىن ئۆتكەن. پولاتچىنىڭ ياشقا توشمىغان ئوغلى خۇدايدات ئۇنىڭ ۋارىسى بولۇپ قالدى. پولاتچىنىڭ ئۇكىسى قەمەرىددىن تۇغلۇق تۆمۈر-نىڭ ئىز باسارى ئىلياس خوجىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ يۈرىدىغان ئىدى، نەتىجىدە ئىلياس خوجىنى ئۆلتۈردى. ئىلياس خوجىنىڭ يۇرت سوراپ تۇرغان ۋاقتى نىھايىتى قىسقا بولۇپ، موغۇللارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ھېكايىلىرىدا ئۇنىڭ ئېتى تىلغا ئېلىنمايدۇ②. قەمەرىددىن ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ يوقاتماق بولدى. مانا مۇشۇنداق مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئەمىر تۆمۈر (تۆمۈرلەڭ) موغۇلىستانغا بىر قانچە قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلدى. بۇنىڭغىچە ئۇ چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ غەربتىكى دۆلىتىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. مۇسەۋۋىنىڭ يازغان-لىرىغا قارىغاندا، تۆمۈر ھىجرى 772 - يىلى (مىلادى 1370 — 71 - يىللار) دىلا قۇشقار دېگەن يەرگىچە كەلگەن ئىكەن. 1375 - يىلنىڭ بېشىدا تۆمۈر سايرامدىن چىقىپ چارىنگىچە يېتىپ كەلگەن③. قەمەرىددىننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرغان جايى كۆك-

---

① كېيىنرەك بارتولد موغۇلچە «جېتە» دېگەن تېرمىننى «ئېركىن يۈرگۈچىلەر» دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈپ كەلدى، بۇنى تۈركچە تېرمىن «قازاق» دېگەن بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. بارتول ئەسەرلىرىنىڭ 2 - تومىنىڭ 154 ۋە 265 - بەتلىرىگە قاراڭ. پېتروۇشېۋىسكىنىڭ «دېخانچىلىق» دېگەن ئەسىرىنىڭ 42 - بېتىگە سېلىشتۇرۇڭ.

② مۇھەممەت مىرزا ھەيدەرنىڭ ئەسىرى 23 - بەت.

③ تۆمۈرنىڭ بۇ ھەربىي يۈرۈشىنى شەرەپىددىن يەزدىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن كۆرۈڭ. پ. ت. دىلەكروۋا تەرجىمىسىنىڭ 1. تومى 252 - بېتىگە قاراڭ. تۆمۈرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى تارىخدا سۆزلىنىپ تۇرىدىغان بۇ سايىنىڭ ئېتى ھەممىلا جايدا ئېنىق ئەمەس. مەن يۇقۇرقى تەرجىمىدىن باشقا، كالكۇتتىدا نەشر قىلىنغان «زەپەر نامە» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگىمۇ قارىدىم. «تارىخى رەشىدى» نىڭ تەرجىمىسى بىلەنمۇ سېلىشتۇردۇم.

تۆپىگە دىگەن تاغ ئىدى. قەمەرىددىن بەركايى — گورىيان① دىگەن كىرىشكە تەس بولغان بىر سايدا ئىدى. بۇ چوڭ ساي يەنە 3 تار جىرادىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە كۆپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. تۆمۈر قەمەرىددىننى مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ ئۇنى تار-مار قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى بايتاق دىگەن يەرگە كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئەمىرى تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دۈشمەنلەرنى ئىلى دەرياسىنى بويلاپ قوغلىدى. تۆمۈر بايتاقتا 3 5 كۈن تۇردى. تۆمۈرلەڭنىڭ ئوغلى جاھانگىر بۇچاغدا قەمەرىددىننى تاغلاردا قوغلاپ يۈرۈپ ئۈچ پەرمان دىگەن جاي (شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر جاي) دا موڭغۇل قوشۇنلىرىنى تار-مار قىلدى. قەمەرىددىننىڭ خوتۇنى، قىزى جاھانگىرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. تۆمۈر بايتاقتىن قارا-قاسماق (كاستەك) دىگەن داۋان ئارقىلىق ئاتبېشى دىگەن يەرگە كەلدى. ئۇ يەردىن ئارپا دىگەن ۋادىغا كېلىپ، قەمەرىددىننىڭ قىزىغا ئۆيلەندى ۋە ياسا (ياسى، جاسى) داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئۆزكەندكە قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى يىلى — 1376 — يىلى② قەمەرىددىن تۆمۈرنىڭ خارەزمغا ھەربى يۈرۈش قىلىشىدىن پايدىلىنىپ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. تۆمۈرنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئاتبېشى دىگەن يەرگە چېكىنىپ كەلدى. تۆمۈر قەمەرىددىننىڭ ئىزىدىن قوغلاپ باردى. قەمەرىددىن بولسا تۆمۈرنىڭ كېلىۋاتقان يولىدىكى بىر ئەپلىك يەرگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، لېكىن ئۇ يەنىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە ئىككىنچى قېتىم سەككىز يىغاچ دىگەن جايدا تار-مار قىلىندى ھەمدە ئۆزى يارىلاندى. تۆمۈر ئاتاقۇم ئارقىلىق سىردەريا يىلاقىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردىن سەمەرقەنت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

تۆمۈر 1377 — يىلى③ قەمەرىددىنگە قارشى يەنە ئەسكەر ئەۋەتتى. مەزكۇر ئەسكەرلەر قوراتو دىگەن يەردە قەمەرىددىننىڭ قوشۇنلىرىغا يولۇقۇپ ئۇلارنى شۇ يەردە تار-مار كەلتۈردى. يەنە شۇ يىلى تۆمۈر باشقا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۆزى يەتتە سۇغا باستۇرۇپ كىردى. تۆمۈر ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان قوشۇنلىرى بوئام دىگەن جىرادا قەمەرىددىن ئادەملىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. تۆمۈرنىڭ ئۆزى قوشقار دىگەن يەرگىچە كەلدى ۋە ئۇيناغو دىگەن يەردىن ئۆتۈپ ئۆزكەندگە قايتىپ كەتتى.

---

① بۇ جاي تۈركچە قولىيازمىسىدا «بەركەيى قوزغان» دەپ ئېلىنىپتۇ، «تارىخى رەشىدى» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە بۇ سۆزنىڭ ئورنىغا «ئىنارشىنال ئاتار» دەپ يېزىپتۇ.

② شەرەپىددىن يەزدى بۇنى 1377 — يىلى بولغان ۋەقە، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئابدۇراززاق ھەم شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ.

③ ئابدۇراززاق بۇنى 1378 — يىلى دەپ ھىساپلايدىكەن.

تۆمۈرنىڭ يېڭى ھەربىي ھۇجۇمى 1383 - يىلى ① باشلاندى. يەتتە سۇغا ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە قوشۇن ئەۋەتىلدى. ئاخىرقى قوشۇنلار ئاتاقۇم دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئالدىنقى قوشۇنلار دۈشمەننى تار - مار قىلىپ بولۇپ، ئاتاقۇمغا كەلگەن ئىدى. بۇ قوشۇنلار بىرلىشىپ ئىسسىق كۆل بويىدىن ئۆتۈپ كۆكتۆپە تېغىغا يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ يەردە قەمەرىددىننى تاپالمىدى ۋە شۇندىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى.

مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر قەمەرىددىننى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىدى. قەمەرىددىننىڭ جىيەنى خۇدايدات شۇ چاغلاردا قەشقەرنى سوراپ تۇرغان ئىدى. خۇدايدات تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھزادە خىزىر خوجىنى قەمەرىددىندىن يوشۇرۇپ قۇتقۇزۇپ قالدى. خىزىر خوجا دادىسى تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپات بولغاندا تېخى ئەمچەكتىكى بالا ئىدى. قەمەرىددىن قۇدرەت تېپىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا، خىزىر خوجا قەشقەر بىلەن بەدەخشان ئوتتۇرىسىدىكى تاغدا يوشۇرۇن تەربىيە كۆردى، كېيىن دۆلەتنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ يېنىدا 12 يىل تۇردى. بۇ مەلۇماتلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش تەس②. خۇدايدات خىزىر خوجىنى خۇددى پولاتچى تۇغلۇق تۆمۈرنى تاپقاندەك تېپىۋالغان ئەمەسمىدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، 1389 - يىل ئەتراپىدا خىزىر خوجا خان دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

يەنە شۇ 1389 - يىلى، تۆمۈر موغۇلىستانغا يېڭى ھۇجۇمنى باشلىدى. تۆمۈر ئەل قوشۇن دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ، بۆرى بېشى ۋە تۆپىلىك قاراق دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، ئۆرنەك (ياكى ئۆزنەك، ئورتاق) دېگەن تاغ ئۆتكىلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كېيىنكى يوللىرى ئۈستىدە ئاتقان سۆرە ③ دېگەن بىر جاي بايان قىلىنىدۇ. بۇ جايدا يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدىمۇ قار ۋە مۇزنىڭ بارلىقى سۆزلىنىدۇ. تۇغرا - ئوتلاق، ئايغىر يىلى دېگەن تۈزلەڭ، ئولان - چارلىق دېگەن تۈزلەڭ، چاپار ئايغىر دېگەن جايلار تىلغا ئېلىنىدۇ. مانا مۇشۇ چاپار ئايغىر دېگەن يەردە ئاكا - تۆرەنىڭ باشچىلىقىدىكى موغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى تار - مار قىلىنىدۇ. ئاكا - تۆرە خىزىر خوجىنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئاكا - تۆرە ئۆلەڭ يار دېگەن جايدا تۇرغان چېغىدا ئۇنىڭغا تۆمۈرنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى ئەۋەتىلگەن ئىدى.

---

① بۇ يىل شەرەپىددىن يەزدىنىڭ يازغانلىرىدىن ئېلىنغان.

② مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىنىڭ 54 - بېتىدە خىزىر خوجا ھىجرىيە 770 - يىلى، مىلادى 1368 — 1369 - يىللاردا تۇغۇلغان دېيىلگەن. بۇنداق بولغاندا، خىزىر خوجا تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپات بولۇپ 6 يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان بولىدۇ.

③ «زەپەرنامە» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە بۇ جاي „ئاتىن" دەپ ئېلىنىپتىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى كۈنى، تۆمۈرلەڭ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىزنىقىپ قالغانلىقلىرىنى سەزدى ۋە قايان — قازى (ياكى قىيان قازى) ئارقىلىق قايتىدىن يولغا چىقىپ كەچقۇرۇن كۆكسالى دىگەن يەرگە يەتتى. ئىككىنچى كۈنى ئاياگۈزگە ① يېتىشتى. تۆمۈر يول ئىزلەپ يۈرۈپ ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلدى، تۆمۈر ئاخىرىدا، دۈشمەن تەرەپ ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى يېقىنلىشىۋاتقان ئەھۋالدىن خەۋەرتاپتى، شۇڭلاشقا، دۈشمەن تەرەپ تارقىلىپ كەتتى، دىگەن پىكىرگە كەلدى. شۇ سەۋەپتىن تۆمۈرئۆز ئەسكىرىنى ئىككى قوشۇنغا بۆلدى. ئۇ ئۆزى شىرە، شىبىرتۇ ②، قوي - مارات، قوراغان ۋە بويۇرلاغۇ دىگەن يەرلەر ئارقىلىق قاراغۇچۇر دىگەن تەرەپكە ماڭدى (قاراغۇچۇر رىناتنىڭ سىزغان خەرىتىسىگە قارىغاندا، تارباغاتاي تېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدىكەن).

تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيىخ باشقا بىر قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ئاگا تۆرەنىڭ قوشۇنلىرىنى قوبۇق دەرياسىنىڭ ياقىسىغا كەلگەندە قوغلاپ يەتتى ۋە ئۇنى تار — مار قىلدى. ئاگا تۆرە ئۆزى قاخما - بورجى دىگەن يەرگە قېچىپ كەتتى. ئۆمەر شەيىخ قايتىپ كېلىپ ئاختا — دىكتۇر دىگەن جايدا تۆمۈر بىلەن يولۇقتى. شۇندىن كېيىن، ئالاكۆل تىزلىكلىگى ئارقىلىق (بۇ كۆلنىڭ يەنە بىر نامى «ئىشت ئىچەس») قارا غۇچۇرغا كەلدى. تۆمۈر قارا - غۇچۇردا ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئانچە - مۇنچە ئوكشۇپلىپ، ئۇنىڭدىكى بىر قوشۇننى ئېرتىش دەرياسىغا ئېۋەتتى. ئەسىرگە چۈشكەن ئادەملەرنى سەمەرقەنتكە يوللىدى. تۆمۈرنىڭ ئۆزى ئىمىل - غۇچۇرغا كېلىپ، ساراي — ئوردام دىگى خان قارار گاھىغا كېلىپ جايلاشتى. تۆمۈر ئىلىدا تۇرۇپ موغۇلىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىنىڭ تۈشىۋ - تۈشلىرىدىن قوشۇنلارنىڭ يولغا چىقىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى يۇلتۇزدا قوشۇلۇشقا تېگىشلىك ئىدى. تۆمۈر ئۆزىمۇ يۇلتۇزغا قاراپ يول ئالدى. موڭغۇل يەرلىرى بىلەن ئۆزبەك يەرلىرىنىڭ چېگرىسىدا تۈركىستاندا تۇرغان ئەمىرلەر ئور - داۋان، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ سۈت كۆل (سايرام كۆلى) نى بويلاپ چەچەكلىك ۋە بالاقاي دىگەن

---

① بۇ سەپەردىكى بىرىنچى ئورۇننى ناھايىتى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شەرەپىددىن تۆمۈرنىڭ ماڭغان يوللىرى ئۈستىدە توختالغاندا، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىق توختىمايدۇ، مەسىلەن: چۇ دەرياسىدىن، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتتى - لا، دەپ قويىدۇ. ئۆتكەلنىڭ ئېنىق قايسى يەردىلىگىنى كۆرسەتمىگەچكە، تۆمۈرنىڭ يۈرۈش يوللىرىنى تەپسىلى ئېنىقلاپ چىقىشتا بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدۇ.

② شىبىرتۇ — لايلىق جاي دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەتتە موڭغۇللاردا جۇغراپىيەلىك نام سۈپىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، — شەرەپىددىن يەزدى شۇنداق كۆرسىتىدۇ.

يەرلەردىن ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىدى . ئۇ يەردىن يۇلتۇزغا قاراپ چىققان يولدا ئۇلار خىزىر خوجانىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن يولۇقۇپ قالدى . 2 كۈنلۈك ئانچە قاتتىق بولمىغان جەڭدىن كېيىن ، ئاردا توختام تۈزۈلۈپ ئەسكەرلەر قايتىپ كېتىشتى . تۆمۈر ئىلىدىن چىقىپ ئۇلۇغ كۆل («ئاساسىي ئەسكەر» دېگەن سۆز بولۇپ، ئەھۋالغا قارىغاندا ، موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى مۇشۇ يەردە تۇرغان بولسا كېرەك ) ئارقىلىق چاشقان داۋىنى ۋە قوڭسۇز دەرياسىدىن ئۆتۈپ يۇلتۇزغا كېلىپ يەتتى . بۇ يەردە ئۇ خىزىر خوجىنى چالىش ( قاراشەھەر ) دىن ئۆتكۈزۈپ بىرمۇنچە يەرگىچە قوغلاپ باردى . ئۆمەر شەيخنى ① شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق پەرغانىگە ئەۋەتتى . ئۇ ئۆزى چوڭ يۇلتۇزدىن 1389 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يولغا چىقىپ ، ئەڭ قىسقا يوللار بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەمەرقەنتكە يەتتى ، ئۇنىڭ كارۋانلىرى بولسا بۇ يولنى 2 ئاي يۈرۈپ كەلدى .

تۆمۈر 1390 - يىلى ، موغۇلىستاننى ۋەيران قىلىش ۋە ئېرتىش بويىغا قېچىپ كەتكەن قەمەرىددىننى قوغلاش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتتى . ئەسكەرلەر تاشكەنتتىن چىقىپ ئىسسىق كۆلگە كەلدى ، ئۇ يەردىن كۆكتۆپىگە كەلدى . ئار - جاتۇ ② دېگەن تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئالمالىققا ③ يېتىپ كەلدى . ئىلى دەرياسى ۋە قارا تاللاردىن ئۆتۈپ ئۈچىنى - بۇچىنى دېگەن تۈزلەڭلىك ۋە ئۇكۇر - كىتچى دېگەن يەرلەر بىلەن ئېرتىش دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى . قەمەرىددىن ئۇلار يېتىپ كەلگىچىلا ئاق ۋە قارا سۆسەرلەر كۆپ بولىدىغان شىمال تەرەپتىكى تۇلەس دېگەن جايغا قېچىپ كېتىۋالغان ئىدى . ئەسكەرلەر كەينىگە قاراپ قايتقاندا ئالتۇن قورغا دېگەن ساي ئارقىلىق ئاتراق كۆل ( بالقاش )نى بويلاپ ماڭدى .

ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، قەمەرىددىن مۇشۇ ۋەقەلەردىن كېيىن موغۇلىستانغا قايتىپ كەلمىگەن بولسا كېرەك . « تارىخى رەشىدى » دە بايان قىلىنغان موڭغۇللارنىڭ ھېكايە-لىرىگە قارىغاندا ، قەمەرىددىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا بەدىنىگە سىرىق سۇ

---

① شەرەپىددىن يەزدىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ، ئۆمەر شەيخ تۇرپان ( قاراغوجا ) غىچە كەلگەن بولسا كېرەك .

② ئار - جاتۇ — ئارشاڭ دېگەن مەنىدە يەنى سۈيى ئىسسىق بۇلاق دېگەن مەنىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئىسىم قاتارىدا پات - پات يولۇقۇپ تۇرىدۇ .

③ ئالمالىق دېگەن سۆزنى قىرغىزىستاننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئالمالۇ ، ۋە ئالماتا دېگەن شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇڭ . ئالمۇتا ، ئالمالىق ، ئالمالى دېگەن ناملار ئۈستىدە ۋانتو سوفنىڭ « ئالمالىق شەھىرى » دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ . ۋ.رودون

يۈرۈپ كېتىش كېسەلىگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ، تۆمۈرنىڭ يەنە بىر ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدا ئورمان ئىچىدە دەرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەن. تۆمۈر كېيىن غەرپ تەرەپتە سوقۇشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ خىزىر خوجىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى موغۇلىستاندا مۇستەھكەملىشىگە دەخلى قىلمىدى. 1397 - يىلى، خىزىر خوجا تۆمۈرگە ئۆزىنىڭ ئوغلى شەم - ئىجاھاننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. تۆمۈر ئەلچىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى تەۋەككەل ئاغانى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. تۆمۈرنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنىپ، خىزىر خوجىنىڭ قىزى تۆمۈرگە يوللاپ بېرىلدى، تەۋەككەل ئاغا تۆمۈر ئوردىسىدا „ كىچىك خانىم „ دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئۆتتى.

خىزىر 1399 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. خىزىر ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى — شەم - ئىجاھان، مۇھەممەت - ئوغلان، شىر - ئەلى، شاھ - جاھانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا جېدەل - ماجىرا تۇغۇلدى. بۇ ۋەزىيەتتىن پەرغانىنىڭ ھۆكۈمدارى ئۆمەر شەيخنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر شەرقىي تۈركىستاندا بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزۈش ئۈچۈن پايدىلاندى. ئۇ، ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. بۇ يەردىكى ئاھالە شەھەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسىتىدە ئاقسۇدىكى باي خەنزۇ سودىگەرلەرنى پۈتكۈل ماللىرى بىلەن دۈشمەنگە تۇتۇپ بەردى. مۇشۇ ۋەقەدىن مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق دەۋرنىڭ ئۆزىدىمۇ شەرق (جۇڭگو — ت) بىلەن بولغان سودا - تىجارەت ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تۆمۈرنىڭ خىزىر خوجىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ھېچقانداق نەرسە مەلۇم ئەمەس ①. خىزىر ۋاپاتىدىن كېيىن، ئېھتىماللارغا قارىغاندا، موغۇلىستاننىڭ بىر قىسمى تۆمۈرنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان بولسا كېرەك. تۆمۈر كىچىك ئاسىيادىن ئېلىپ كەلگەن قارا تاتار، دېگەن قەبىلىنى ئىسسىق كۆل ياقىسىغا ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، قارا تاتار قەبىلىسى تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن دەرھاللا ئۇ يەردىن قېچىپ كەتتى. يەنە مۇشۇ ئىسسىق كۆل ياقىسىغا تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئەيىپلىنىپ قالغان بىر ئەمەلدارىنى سۈرگۈن قىلدى، تۆمۈر جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چوڭ ھازىرلىق قىلدى. مۇشۇ مەقسەت بىلەن، 1404 - يىلى، موغۇلىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى تۆمۈرنىڭ تېخى ياشقا توشمىغان نەۋرىسى ئۇلۇغبەك باشچىلىقىدىكى تاشكەنت ۋىلايىتىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ بەردى. شەرقىي تۈركىستاننى بولسا پەرغانە ۋىلايىتىگە

① مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، خىزىر خوجا تۆمۈردىن كېيىن ۋاپات بولىدىكەن.

بويسۇنىدۇرۇپ بېرىدۇ ① . تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ، خىزىر خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى شەم ئىجاھان ماۋارائۇننەھرنى ئىگەللىۋېلىش كويىدا بولىدۇ ۋە مۇشۇ مەخسەت بىلەن 1407 - يىلى جۇڭگودىن ياردەم سورايدۇ ②. ئەمما ، 1408 - يىلى ،شەم ـ ئى جاھان ۋاپات بولىدۇ . شەم ـ ئى جاھاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەتخان ئولتۇرىدۇ . مۇھەممەتخان ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇخقا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ . شۇنداق قىلىپ تۇرۇپمۇ ، مۇھەممەتخان ماۋارائۇننەھردە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلارغا قول سېلىپ ، ئۇيەردە ئىسيان كۆتەرگەن ئەمىرلەرگە ياردەم بېرىدۇ . مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن مۇھەممەتخان 1416 - يىلى قەشقەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ ③ . مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يېزىشىچە ، مۇھەممەتخان ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرغان جايلاردا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ ، موڭغۇللارنىڭ ھەممىسىگە سەللە يۆگەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ . سەللە يۆگىمىگەن ئادەملەرنىڭ كاللىسىغا مىق قاقىدۇ . چادىر كۆل دىگەن كۆلنىڭ شىمالىي تەرەپ ساھىلىگە تاش ـ رابات دىگەن مەشھۇر بىنانىڭ سېلىنغانلىقىمۇ مۇھەممەتخان تەرىپىدىن قىلىنغان ، دەپ يازىدۇ .

1416 - يىلى ، شەم ـ ئى جاھاننىڭ ئوغلى ④ — موڭغۇللارنىڭ يېڭى خانى نەقشى ـ جاھان خان بىرلا ۋاقىت ئىچىدە شاھرۇخقا ۋە جۇڭگوغا ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ . جۇڭگو مەنبەلىرىدە مۇھەممەتخاننى 1416 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . ئابدۇررازاقنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، ئۇ 1415 - يىلى ئۆلگەن بولىدۇ . نەقشى ـ جاھان 1418 - يىلىنىڭ بېشىدا شىر ئەلىنىڭ ئوغلى ۋەيس ئوغلان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ . 1420 - يىلى موغۇلىستاندا ۋەيسخان بىلەن شىر مۇھەممەت ئوغلان ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ماجىرالار يۈز بېرىدۇ . شىر مۇھەممەت ئوغلاننى شەجەرە تارىخىدا شاھ جاھاننىڭ ئوغلى دەپ كۆرسىتىدۇ . مۇھەممەت ھەيدەر بولسا ، مۇھەممەتخاننىڭ ئوغلى ئىدى ، دەپ يازىدۇ . موڭغۇل ئەمىرلىرىنىڭ باشلىقى بولغان خۇدايداتنىڭ كىم تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى ئېنىقلاش تەس . ئەمما ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ماۋارائۇننەھرنى ئۆزىنىڭ ئاتىسى تۆمۈرنىڭ ۋالىسى سۈپىتىدە سوراپ تۇرغان ئۇلۇقبەك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ تۇرغانلىقىدا گەپ يوق. ئېھتىمال ، خۇدايداتنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۇلۇقبەك موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغان بولسا

① بۇ ئەھۋاللارنى شەرەپىددىن يەزدى بايان قىلىدۇ .

② بۇ مەلۇماتنى بىرە تىششىندىر ئۆز ئەسىرىنىڭ 2 - توم 239 - بېتىدە بېرىدۇ .

③ بۇ مەلۇماتنى ئابدۇررازاق ئەسىرىنىڭ 296 - بېتىدىن كۆرۈڭ .

④ مۇھەممەت ھەيدەر : ئوغلى ئەمەس ، ئۇكىسى، دەپ يازىدۇ .

www.uyghurkitap.com

كېرەك. ئۇلۇقبەك تېخى موغۇلىستانغا كېلىپ يەتمىگەن چاغدىلا موڭغۇل ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ ئالدىغا بارىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەربىي يۈرۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ①. شاھرۇخ دەل مۇشۇ يىلى جۇڭگوغا ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئەلچىلەر 5 - ئاينىڭ بېشىدا موغۇلىستانغا كېلىپ يېتىدۇ. بۇ چاغلاردا ۋەيسخان بىلەن شىر مۇھەممەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەدەل بولۇپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقلىرى ئۈستىدە غەمدە قالىدۇ. ۋەيسقا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە خۇدايىدات ئەلچىلەرنى يولۇقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇلارغا خاتىرجەم بولۇش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەلچىلەر قوڭغۇز دەرياسىدىن ئۆتۈپ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مۇشۇ جاينى سوراپ تۇرغان مۇھەممەت بەگ بىلەن كۆرۈشىدۇ، 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يۇلتۇزغا يېتىپ كېلىدۇ. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەيسخاننىڭ ئەلچىسىنى مۇھەممەت بەگنىڭ ئوغۇللىرى بولاپ كەتكەن خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. بۇ ۋەقە ئەلچىلەرنى يولدا تېز مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ ②. شىر مۇھەممەت ئاخىرى سەمەرقەنتكە قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ يەردە ھۆرمەتلىك ئەسىر سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. 10 - ئاي ئىچىدە ئۇ، شۇ جايدىن يوشۇرۇن قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ، لېكىن بۇ ئىشقا ئاشمايدۇ. 12 - ئايغا كەلگەندە ئۇلۇقبەك ئۆزى ئۇنى قويۇۋېتىدۇ. شىر مۇھەممەت موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. 1421 - يىلى ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېڭىپ چىقىپ، ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ، ئۇلۇقبەككە بويسۇنمىغاچقا، 1425 - يىلى، ئۇلۇقبەك يەتتە سۇغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. ئۇلۇقبەك ئەسكەرلىرى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۇ دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان ئاقسۇ دەرياسى بويىدا موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى تار - مار قىلىدۇ. ئۇلۇقبەك چۇ دەرياسى ۋە چارىندىن ئۆتىدۇ. ئۇ بۇيەرگە يەتكەندە ئالدىغا خۇدايىدات چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدە 5 - ئاينىڭ ئىچىدە شىر مۇھەممەتمۇ مەغلۇپ قىلىنىدۇ. ئۇلۇقبەك تەرىپىدىن ئېۋەتىلگەن قوشۇنلار شىر مۇھەممەتنى ئىلى دەرياسىغىچە قوغلاپ بارىدۇ. ئۇلۇقبەكنىڭ ئۆزى موغۇلىستاننىڭ ئاساسىي يايلىقى بولغان يۇلتۇزغا كېلىدۇ. ئۇلۇقبەك قايتىپ كېتىۋېتىشىدا قارشى دېگەن جايدىن مەشھۇر «كۆكتاش» نى ئالغاچ كېتىدۇ. ئىسپانلارغا قارىغاندا، تۆمۈرنىڭ ئۆزى كۆكتاشنى سەمەرقەنتكە ئالغاچ كەتكەچكە

---

① بۇ مەلۇماتنى ئابدۇ راززاق بېرىدۇ. ئۇنىڭ قولىيازمىسىنىڭ 232 - بېتىگە قاراڭ.

② بۇ مەلۇمات ئابدۇرازاق ئەسەرلىرى، 388 - 389 - بەتلەردىن ئېلىنغان.

بولۇپ ، ئېلىپ كېتەلىگەن ئىكەن ①.

مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، شىر مۇھەممەت ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت يەنە ۋەيسخانغا ئۆتۈپ قالىدۇ. 1428 - يىلى ۋەيسخان ئىسسىق كۆل ياقىسىدا ساتۇقخان بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ساتۇقخان سەمەرقەنتتە خان ئەملى بىلەن تۇرغان ئادەم بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئىشنى ئۇلۇغبەك باشقۇرۇپ تۇرغان. كېيىن ئۇلۇغبەك بۇ خاننى ئورنىدىن چۈشۈرۈپ موغۇلىستانغا ئەۋەتكەن ئىدى ②.

ۋەيسخان پادىشالىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا موغۇلىستان شەرق تەرەپتىن بىۋاسىتە موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بۇ موڭغۇللارنىڭ ئىچىدە 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ، چوروس ، خوشۇت ، تورغاۋۇت ۋە خۇيىت دىگەن تۆت قەبىلىنىڭ ئىتتىپاقى كۈچىيىپ شۆھرەت تاپىدۇ. 1399 - يىلى ئويراتلارنىڭ باشلىغى ئوگەچى - خاشاگا موڭغۇل خاقانى ئەلبەكنى ئۆلتۈرىدۇ. مۇشۇۋەقەنى شەرقىي موڭغۇل يېڭى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى پاكاتىلىپ ئەپەندى ئويراتلار ھۆكۈمرانلىغىنىڭ باشلىنىشى دەپ ھىساپلايدۇ. 1408 - يىلى يېڭىدىن خاقان بولغان ئولجەي - تۆمۈر بەشبالىقتا خانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ ، بۇ جاي ئادەتتە موغۇلىستان خانلىغىغا قارايتتى ، شۇ چاغلاردا ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ، شەرقىي موڭغۇللار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولسا كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەتخان ئويراتلار بىلەن يەنى قالماقلار بىلەن سوقۇشۇشقا ھازىرلىق قىلغان ئىدى. ئويراتلارنى مۇسۇلمانلار شۇ چاغلاردا „ قالماقلار „ دەپ ئاتايتتى. ئويراتلارنىڭ ئىلتىماسى بويىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇھەممەتخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭ مۇشۇ نىيىتىدىن قايتىشىنى نەسىھەت قىلىدۇ ③. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ۋەيسخان ئۆزىنىڭ باش قارارگاھىنى شەرقىي تۈركىستاندىن غەرپ تەرەپكە — ئىلى بالىق دىگەن شەھەرگە يۆتكەيدۇ يەنى يەتتەسۇغا ، ئىلى دەرياسى بويىغا يۆتكەيدۇ. جۇڭگولۇقلار مۇشۇ دەۋردىكى بۇ ئەلنى تەسۋىرلىگەندە 13 - ئەسىردىكى ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش گۆللەپ - ياشناپ تۇرغان شەھەرلەر ، يېزىلار ئۈستىدە توختالمايدۇ. 15 - ئەسىردە يەتتە سۇدا كىگىز ئۆيلەردە تۇرىدىغان ، گۆش ۋە قىمىز ئىچىپلا يۈرىدىغان پەقەت كۆچمەنلەرلا ياشايتتى.

---

① بۇ يەردىكى „ كوكتاش „ دىگەن ئەسلى نىفرىت ( قاشتېشى ) بولۇپ، مەزكۇر تاشتىن، كېيىن تۆمۈرنىڭ قەۋرىسى ياسالغان، „ كۆكتاش „ دىگەن سۆزنى بارتولد كېيىنكى ئەسەرلىرىدە „ قاشتېشى „ قىلىپ ئۆزگەرتكەن ئىكەن . ۋ. رومودىن

② مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يازغانلىرىغا قاراڭ ( « تارىخى رەشىدى » نىڭ 65 - بېتىگە قاراڭ ).

③ مۇھەممەت ھەيدەر ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىگە قاراڭ . 45 - بەت.

ئۇلارنىڭ كىيىم كىيىشلىرى بەزى بىرلىرىنىڭ ئويراتلارنىڭكىگە، بەزىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشايتتى ①، ۋەيسخان ئىلى دەرياسى بويىدا شۇ چاغلاردىكى ئويراتلارنىڭ باش ھۆكۈمدارى توغۇننىڭ ئوغلى ئېسەن تەيجى دېگەن قوماندان بىلەن كۆپ قېتىم سوقۇشتى، ۋەيسى قالماقلار بىلەن 61 قېتىم جەڭ قىلدى، مۇشۇ جەڭلەردە بىرلا قېتىم غەلىبىگە ئېرىشتى، 2 قېتىم قالماقلار قولىغا چۈشۈپ ئەسىر بولدى ۋە مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى ئېسەن تەيجىگە نىكاھلاپ قويدى.

ساتۇق خان موغۇلىستاندا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىيەلمىدى، ئارىدا ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قەشقەردە ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن موغۇل ئەمىرلىرى 2 گۇرۇھ بولۇپ بۆلۈندى: بىرگۇرۇھ ۋەيسخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۇنۇسنى خان قىلىپ كۆتەرمەكچى بولدى؛ ئىككىنچى گۇرۇھ ۋەيسخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئېسەن بۇقانى خانلىق تەختىگە كۆتەرمەكچى بولدى. بۇ ھەر ئىككىلا شاھزادە تېخى ياشقا توشمىغان ئىدى. ئېسەن بۇقا تەرەپدارلىرى يېڭىپ چىقتى. يۇنۇس تەرەپدارلىرى يۇنۇسنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ماۋارائۇننەھرگە ئۇلۇقبەك يېنىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلۇقبەك يۇنۇسنى پېرسىيىگە ئېۋەتتى. بابۇرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، بۇ ۋەقە 1434 - يىلى ئۆتكەن ئىكەن. ياش ئېسەن بۇقا ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە چوڭ ئابروي. ئىناۋەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئېسەن بۇقا پادىشالىق قىلىپ تۇرغان دەۋرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ ھەر بىرسى ئۆزجايلىرىدا پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئىش ئېلىپ باردى. مەسىلەن: خۇداي-داتنىڭ ئوغلى مىر مۇھەممەت شاھ ئاتبېشىدا شۇنداق قىلدى. مىر كېرىم - بەردى ئالا بۇغا دېگەن يەردە ئۆزىگە بىر قورغان سېلىۋېلىپ ئۇ يەردىن پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. 3 - سى مىر ھەق - بەردى بەكچىك ئىسسىق كۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالنىڭ قوي سوي دېگەن يېرىگە قەلئە سالدى. ئۇ قالماقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇيەرگە بالا - چاقا ۋە ئۇرۇق تۇققان - قېرىنداشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىۋالدى. ئۆزى بولسا تۈركىستان ۋە سايراملارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. خۇدايداتنىڭ نەۋرىسى سەئىد ئەلى تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ قولىدىن قەشقەرنى تارتىۋالدى ②.

شۇنداق قىلىپ، قالماقلار شۇ چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھەربى ھۇجۇملىرىنى ئىسسىق كۆل ئەتراپىغىچە ئېلىپ باردى. يەنە بىرنەچچە يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قال-ماقلار سىر دەريا ئوبلاستىغىچە يېتىپ بارىدىغان بولدى. ئېسەن 1455 — يىلى ۋاپات

---

① بۇ مەلۇماتنى بىرەتشنەيدىر بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ 2 - توم 241 —، 242 - بەتلىرى.

② بۇ مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دىن ئېلىنغان، 75 -، 76 - بەتلەر.

بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئويراتلارنىڭ شەرق تەرەپتىكى قۇدرىتى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە 200 يىل داۋامىدا قالماقلار ھەققىدە لام-مىم دېيىلمەيدۇ. مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە ئېسەننىڭ ئوغلى ئاماسانجى-تەيجى ھەققىدە ۋە ئويراتلارنىڭ يەنە بىر رەھبىرى ئۆز-تۆمۈر-تەيجى توغرۇلۇق بايانلار يولۇقىدۇ. ئۆز-تۆمۈر-تەيجى 1452 — 1455-يىللار ئارىلىقىدا (يەنە بىر مەلۇماتتا 1457-يىلى دەپ كۆرسىتىلىپتۇ) سىر دەريا بويىدا ئۆزبەكلەرنى تار-مار كەلتۈرگەن ئىكەن ①. 1459-يىلى، سۇلتان ئەبۇ سەئىد ھىرات شەھىرىدە قالماقلارنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغان ئىكەن ②.

سەل بالدۇرراق، 15-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، ئېسەن بۇقا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە يۇرتىنى مېھرى-شەپقەتلىك ۋاسىلەر بىلەن باشقۇرۇپ، ئۆز خەلقى ئىچىدە ئىناۋىتىنى كۆتۈرىشكە تىرىشتى. ئېسەن بۇقاخان تۆمۈر ئەۋلادى تەرەپدارلىرى ئۈچۈن تېخى تۈرمايدىغان خوشنا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ جايلىرىغا پات-پات ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا سۇلتان ئەبۇ سەئىد موغۇلىستانغا ھەربى يۈرۈش قىلىپ كېلىپ ئاشپار دىگەن جايدا موڭغۇللارنى تار-مار كەلتۈردى (بابور، جەڭ ئاشپاردا بولدى، دەيدۇ، مۇھەممەت ھەيدەر بولسا، جەڭ، تالاس* يېنىدا يۈز بەردى، دەيدۇ). بۇنىدىن باشقا سۇلتان ئەبۇ سەئىد پېرسىيىدىن يۇنۇسنى چاقىرتىپ، ئۇنى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى ۋە يۇنۇسنى ماۋارائۇننەھرگە قارىتا ھەر قانداق يامان نىيەتتىن كېچىشكە ئۈندەتتى (مۇھەممەت ھەيدەر بۇ ۋەقە 1456-يىلى بولغان دەپ يازىدۇ؛ بابور بولسا بۇنىدىن سەل ئاۋال ئىدى دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. چۈنكى، يۇنۇس پېرسىيىدە 17 — 18 يىل تۇرغان ئىكەن). بەزى ئەمىرلەر، مەسىلەن: مىركېرىم — بەردى ۋە مىر ئىبراھىم (خەق بەردىنىڭ ۋارىسى) قاتارلىقلار يۇنۇسقا قوشۇلدى. لېكىن ئۇلار بۇرۇن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلىپ ئۆگىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يۇنۇسقا ئوبدان خىزمەت قىلىپ بەرمىدى. خان بىلەن بولغان جەڭدە يۇنۇس مەغلۇپ بولۇپ قالدى ۋە يەتتەكەنت (جېتى كەنت) دىگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ شەھەر پەرغانە بىلەن يەتتە سۇنىڭ ئارىلىقىدىكى چېگرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن يۇنۇسقا ئىنئام قىلىپ

① بۇ مەلۇمات ئابدۇررازاق قول يازمىلىرىدىن ئېلىنغان.

② بۇ ھەقتە 16-ئەسىردە يېزىلغان «نۇسرەتنامە» دىگەن قوليازمىنىڭ 66-بېتىدە: شۇ چاغدىكى 3 ياشلىق شاھزادە مەھمۇت سۇلتان (1454-يىلى تۇغۇلغان ئىكەن) قالماقلار قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ ئۇلارنىڭ قولىدا 7 يىل تۇرغان دىيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

بەرگەن ئىدى. ئىسەن بۇقا 1462 ـ يىلى، خانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرۇپ ئالەمدىن كەتتى.

ئىسەن بۇقاخاننىڭ يۇرت سوراپ تۇرغان چېغىدىكى يەنە بىر ئۇبدان ۋەقە شۇكى، مۇشۇ ۋاقىتلاردا يەتتە سۇغا، چۇ دەرياسىنىڭ ياقىلىرىغا بۇگۈنكى مۇشۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى، قازاقلار كېلىپ ئورۇنلاشتى. مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، كېلىپ ئورۇنلاشقان قازاقلار، شۇ چاغدا 200 مىڭ ئادەم ئىكەندۇق. بۇلارنىڭ باشلىقلىرى گەرەي ۋە جانىبەك ئۆزبەكلەرنىڭ خانى ئەبۇلخەيرى بىلەن سوقۇشۇپ قالىدۇ. ئىسەن بۇقاخان گەرەي بىلەن جانىبەكنى بارلىق ئادەملىرى بىلەن قوبۇل قىلىۋالىدۇ.

ئىسەن بۇقاخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسمى يۇنۇسنىڭ قولىغا كىرىپ قالىدۇ. ئاقسۇ شەھرى ۋە ئۇ شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يەرلىرىنى 1468 — 1469 — يىللارغىچە (ھىجرى 873 — يىلغىچە) ئىسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى دوس مۇھەممەت باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. دوس مۇھەممەت ۋاپاتىدىن كېيىن يۇنۇس ئاقسۇنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. دوس مۇھەممەتنىڭ ئوغلى كېپەك سۇلتان تۇرپانغا كېلىپ تۇرپاننى 4 يىل سورايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كېپەك سۇلتاننى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى يۇنۇسقا يوللاپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1472 — يىلى ئەتراپىغا كەلگەندە، پۈتۈن دۆلەت يۇنۇسنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلىككە كېلىدۇ. يېڭى خان ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خانلارغا قارىغاندىمۇ ئوز پۇخرالىرىغا ئاز ئوخشايتتى ۋە ئۇلارئىچىدە ئۇنىڭ ئابروي — ئىناۋىتى تېخىمۇ پەس بولدى.
يۇنۇسخان ھىجرى 818 ① ياكى 819 — يىللار (مىلادى 1415 — 1417 — يىللار) دا تۇغۇلىدى. ياش چېغىدا يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغاندەك، ئۇ پېرسىيىگە ئېۋەتىلىپ ئۇ يەردە ئاساسلىق مۇسۇلمانلار تەربىيىسىنى كۆردى، مەشھۇر تارىخچى شەرەپىددىن يەزدىنىڭ قولىدىمۇ ئوقىدى. ماۋارائۇننەھرلىك بىر قازى بىر ئىش بىلەن يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا كىرگەن ئىكەن، قازى خىيالىدا تۇرقى ـ قىياپىتى، قىلىقى بىر «جاڭگاللىق تۈرك» ئىكەنلىكىنى كۆرىمەن دەپ ئويلىغان ئىكەن. لېكىن، خاننىڭ تولۇق مەدەنىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەك ئەجەپلەنگەنلىكىنى مۇھەممەت ھەيدەر يازىدۇ. تەبىئىكى، يۇنۇس كۆچمەنلىك تۇرمۇشقا كۆنەلمىدى. ئۆمۈر بويى ئۇ بىرەر شەھەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشقا، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ھېچ بولمىغاندا، بىرەر قىسمىنىمۇ بولسا شەھەرگە كىرىپ ئولتۇراقلىق تۇرمۇشقا كۆندۈرۈشكە تىرىشتى. مۇھەممەت ھەيدەر: يۇنۇسنىڭ مۇنداق قىلىشىدا دىنىي مەقسىتىمۇ بار ئىدى، دەيدۇ. ئۇ، ئۆز پۇخرالىرى ھازىرقى ھايات كەچۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمىسە، ھەقىقى مۇسۇلمان

① مۇھەممەت ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» نىڭ 115 — بېتىدىن كۆرۈڭ.

بولۇپ كېتەلمەيدۇ، دەپ چۈشۈنەتتى. لېكىن، يۇنۇسنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى. موغۇللار شەھەردە تۇرۇشنى تۈرمىدە ئولتۇرغاندىنمۇ يامان كۆرەتتى. خان پۇخرالىرىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىر نەچچە قېتىم شەھەرنى تاشلاپ دالادا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

1472 ـ يىلى، يوقۇرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن قالماقلارنىڭ ھەربى باشلىقى ئاماسانجى ـ تەيجى يەتتە سۇغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ئاماسانجى ـ تەيجى ئەنسالە ئۆز يۇرتىدىن شۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئادەم ئىكەن. يۇنۇس مۇشۇ ھۇجۇمدا ئىلى دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولىدۇ ۋە قېچىپ سىر دەرياغا كېلىپ، بۇ يەردە قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. يۇنۇس بۇ يەردە ئۆز بەك خانى بۇرچ ـ ئوغلاننى تار ـ مار قىلىدۇ. ئەمما، ئىككىنچى يىلى ئەتىياز پەسلىدە تاشكەنت نائىبىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن نائىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، يۇنۇس بوشۇتۇلۇپ، موغۇلستانغا ئەۋەتىلىدۇ. موغۇللار بۇ ئارلىقتا ئۇنىڭ يۇرتىنى پاك ـ پاكىز بۇلاپ ـ تالاپ بولىدۇ ①.

ئەبۇ سەئىد ھاياتى چېغىدىلا (بۇ ئادەم 1469 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) يۇنۇس تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ يەرلىرىگە بولغان ھۇجۇمىنى قايتا باشلاپ، پەرغانىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئىنتىلگەن ئىدى، ئەمما بۇ ئىش باشقا چىقمىدى. كېيىن يۇنۇس ئەبۇ-سەئىدنىڭ ئوغۇللىرى ئەخمەت مىرزا ۋە ئۆمەر شەيخلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا جېدەلگە قول سالىدۇ ۋە مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن 1482 ـ يىلى ئۆز يەرلىرىگە سايرامنى قوشۇۋالىدۇ. 1485 ـ يىلى بولسا تاشكەنتنى قوشۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ ئۆزىنى يېڭىپ چىقىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ماۋارائۇننەھردە ياشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ پۇخرالىرىنىڭ ئاساسى كۆپچىلىگى يۇنۇستىن ئايرىلىپ چىقىپ، يۇنۇسنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەخمەتنى ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، مۇشۇ ئەھۋالغىمۇ يۇنۇس چىداپ ئۆتىۋېرىدۇ، ئەخمەت بولسا كۆچمەنلىك تۇرمۇشقا ئائىت تەربىيىنى ئالغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا ئەمىر ـ ئابو بەكرى مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇۋېلىپ، يۇنۇس تەرىپىدىن قىلىنغان ھۇجۇملارنى غەلىبىلىك قايتۇرۇپ تۇرىدۇ.

يۇنۇس 1487 ـ يىلى، پالەچ كېسىلىگە يولۇقۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. يۇنۇسنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ 1463 ـ 1464 ـ يىللاردا (868 ـ ھىجرىيەدە) تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى مەخمۇت ئولتۇرىدۇ. مەخمۇت موغۇلستاننىڭ غەربى

① ئابدۇ راززاقنىڭ قول يازمىسى 349 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

قىسمىدا ئەمەلىي ھوقۇق تۇتۇپ تۇردى، شەكلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشلىقى ئورنىدا تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسى يۇنۇسقا ئوخشاش مەلۇماتلىق مەدەنىي ئادەم ئىدى، شېئىرلار يازاتتى، لېكىن شېئىرلىرى ئانچە ئوبدان چىقمايدىغان ئىدى ①. بابورمەخمۇتنىڭ كۆپ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن، ھەربىي ئىشلارغا كەلگەندە بەك پالاكەت ئىدى، دەيدۇ. مۇھەممەت ھەيدەر: بۇ ئادەم ئۆز پۇخرالىرىنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇشتىمۇ ئىقتىدارسىزلىق قىلاتتى، دەپ كۆرسىتىدۇ.

مەخمۇت ماۋرائۇننەھردە ئۆز يەرلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە نۇرغۇن كۈچ چىقاردى ۋە بۇ جەھەتتە خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. لېكىن، 1500 - يىلدىن باشلاپ ئوبۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى ئۆزبەك خانى مۇھەممەت شەيبانى بەك تېزلىك بىلەن كۆتىرىلىشكە باشلايدۇ، مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، خان دەسلىۋىدە شەيبانىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ئىكەن، 1488 - يىلى، ئۇنىڭغا تۈركىستانىنىمۇ بەرگەن. نەتىجىدە، ئۇ قازاقلار بىلەن سوقۇشۇپ قالغان ئىكەن. 1500 - يىلى، خان ئۇنىڭغا بۇخارانى ۋە سەمەرقەنتنى ئىگەللىۋېلىشقىمۇ ياردەم كۆرسەتكەن، لېكىن، ئارىدا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي شەيبانى، خاننىڭ ئۆزىگە قارشى قورال كۆتىرىپ چىقىدۇ. خان بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي، ئۆزىنىڭ كىچىك ئۇكىسىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1465 – 1466 – يىللىرى، ھىجرىيە 870 - يىلى تۇغۇلغان ئەخمەت ئۆزىنىڭ ئاكىسىغا ھېچقانداق ئوخشىمايدىغان بىر زات ئىدى. ئۆزىنىڭ جىيەنى بابورنىڭ تەسۋىرلەپ يېزىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئادەم ئىسمى - جىسمىغا لايىق يايلاق ئوغلى ئىكەن. قەددى - قامىتى كېلىشكەن، كۈچلۈك، قاتتىق قول باتۇر جەڭچى بولۇپ، قىلىچنى باشقا ھەرقانداق قورالغا قارىغاندا ئۈستۈن قويىدىكەن. ئۇ، موڭغۇلچە كىيىنىپ يۈرەر ئىكەن. ئۇنىڭ قورال - سايمانلىرى، ئېتىنىڭ جابدۇقلىرىمۇ موڭغۇللار ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن ئىكەندۇق. ئەخمەت بىر ئىككى جەڭدە قالماقلارنىڭ تەيجىسى ئېسەننىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ئەخمەتنىڭ مۇنداق جاسارىتى قالماقلارنى شۇ دەرىجىدە قورقۇتۇۋەتتىكى، ئۇلار، ئەخمەتكە ئالاچا ياكى ئالاچى دىگەن لەقەم بەردى ( بۇ „قاتىل" دىگەن سۆز ئىكەن ). بۇندىن باشقا، ئەخمەت ئۆزىنىڭ ئاكىسىغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەن ۋە ئۇنى 1 - 2 جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان ئىسيانچى ئەمىرلەرگە ۋە قازاقلارغا قارشى كۈرەشتى، ئەخمەت قازاقلارنى 3 قېتىم بىت - چىت قىلدى. لېكىن، ئەخمەتنىڭ

---

① بۇ ھەقتىكى مەلۇمات «بابورنامە» نىڭ 102 — بېتىدىن ئېلىنغان.

( B・M ئېھتىمال ئۇ، تۈركى شېئىرلار يازغاندا قائىدىلەرنى سەل بۇزۇۋۇۋاق يازدىمىكىن، دەپ پەرەز قىلىدۇ. )

قەشقەر بىلەن يەركەننى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز بولدى .

ئۆزىنىڭ ئاكىسى تەرىپىدىن ياردەمگە چاقىرىلغان ئەخمەت موغۇلىستانغا ئۆزىنىڭ 19 ياشلىق ئوغلى مەنسۇرنى قويۇپ قويۇپ ، ئۆزى باشقا ئىككى ئوغلى بىلەن تاشكەنتكە كەتتى. شەيبانى 1503 - يىلى ئاخسىكەت دىگەن جايدا موغۇل ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئاكا - ئۇكا ئوغۇللارنى ئەسىرگە چۈشۈرىۋالدى . مەخمۇتتىن تاشكەنت ۋە سايراملارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئاكا — ئۇكا ئىككىسىنى موغۇلىستانغا قويىۋەتتى . بۇ ئاكا - ئۇكىلار ئىككىنچى يىلى كەلگەن قىشنى ئاقسۇدا بىرلىكتە ئۆتكەزدى . ئەخمەت بۇ يەردە پالەچ بولۇپ ئۆلدى . مەخمۇت ئاقسۇنى ۋە موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆزىنىڭ جىيەنلىرىگە تاشلاپ بېرىپ، يەتتەكەنتكە بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئاقسۇدا مەنسۇرخان قېپقالدى. ئۇنىڭ ئۇكىسى خەلىل سۇلتان يەتتەسۇغا بېرىپ قىرغىزلارغا قوشۇلدى ۋە بۇ قىرغىزلارنىڭ باشلىقى بولۇپقالدى ① .

بىزگە شۇنىسى ئېنىقكى ، قىرغىزلارنىڭ ھازىرقى تۇرغان يۇرتىدا قىرغىزلار بىرىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ . بۇ قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى ئېھتىمالغا قارىغاندا، بۇ يەرلەرگە 10 - ئەسىرلەردە كېلىپ ئورۇنلاشقان بولسا كېرەك . مۇھەممەت ھەيدەر قىرغىزلار بىلەن موگۇللار ئوتتۇرىسىدا ئېتنوگرافىيىلىك پەرق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە قىرغىزلارنى موگۇللاردىن ئايرىلىپ چىققان بىر تارماق تايىپە ، دەپ ھىساپلايدۇ . قىرغىزلار بىلەن موگۇللار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىشنىڭ سەۋەبى قىلىپ موگۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ؛ قىرغىزلارنىڭ بولسا مەجۇسى ( بۇتپەرەس ) بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

خەلىلگە ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئۇكىسى سەئىد كېلىپ قوشۇلىدۇ ② . سەئىد دادىسى بىلەن بىرگە ماۋارائۇننەھردە ئۆزبەكلەرگە ئەسىر بولۇپ تۇرغان يېرىدىن قېچىپ كېلىدۇ . سەئىد بىر ئاز ۋاقىت يەتتەكەنتتە تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ . ئۇ بۇ يەردىكى ئىش باشقۇرۇشنىڭ ئوبدان ئەمەسلىكىگە ئىچى پۇشۇپ چىدىماي ئاكىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالىدۇ . بۇ ئاكا - ئۇكىلار بىرلىكتە تۆت يىل ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ ۋە بۇ جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تاغىسىغا ئوچۇق دۈشمەنلىك مۇئامىلىدە بولىدۇ . بۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن موغۇلىستانغا مەنسۇر كېلىدۇ . مەنسۇر ئۇلارنى تاغىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ . لېكىن ، ئاردىن ئۇزۇن ۋاقىت

① مۇھەممەت ھەيدەر « تارىخى رەشىدى » 181 - 182، — بەتلەر .

② بابۇر نامىنىڭ 106 - بېتىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سەئىد ئۈچ ئاغىلاردا 13 - 14 ياشلاردا بولسا كېرەك. دىمەك ئۇ 1490 - يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ.

كۈتمەي، ئۆز ئارا دۈشمەنلىك يەنە باشلىنىدۇ . مەھمۇت ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن شۇنچىلىك دەرىجىدە چەتكە قېقىلىدىكى، نەتىجىدە، ئۇ، ماۋارائۇننەھرگە كېلىپ شەيبانىغا تەسلىم بولىدۇ .

1508 - يىلى شەيبانىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مەھمۇت ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سىر دەريا بويىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ . مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئالما ئاتا يېنىدا (باشقا بىر ئۇرۇندا چارىن- چالاق يېنىدا — يەنى چارىن يېنىدا دەپ كۆرسىتىلىپتۇ) مەنسۇر ئۇكىلىرى بىلەن سوقۇشىدۇ ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ . خەلىل پەرغانىگە قېچىپ كېتىدۇ . ئۇ بۇيەردە مۇشۇ يەرنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئۆز بەك ھاكىمى جانىبەكنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ . سەئىد بولسا نارىننىڭ يېنىدا بىر نەچچە ئاي ئورمان ئىچىدە قېچىپ يۈرىدۇ . شۇ چاغدىكى موگۇللارنىڭ چۈشەنچىسىچە : بۇنداق قېچىپ يۈرۈش ئادەتتىكىلا بىر ئىش ھېسابلىنىدىكەن ، باتۇر جەڭچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياش چېغىدا مەلۇم ۋاقىت جاڭگاللاردا، تاغ ، ئورمانلاردا، ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن جايلاردىن 2 - 3 ئايلىق يىراقلىقتىكى جايلاردا يىگانە كۈن كەچۈرۈشى ماقتاشقا تېگىشلىك ئىش دەپ ھېسابلىناتتى ئىكەندۇق . بۇنداق ئادەملەر شۇ مەزگىللەردە ، ياۋايى قۇشلارنىڭ گۆشلىرى- بىلەن تائاملىنىپ ، ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىپ يۈرۈيدىكەندۇق . بۇ جايلاردا شۇ چاغلاردا ، ئابۇبەكرى قەشقەرى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇملىرى پات - پاتلا بولۇپ تۇراتتى . سەئىد ئۆزىنىڭ ھەمرالىرىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئۆزى ئىختىيارسىز پەرغانىگە كەلدى ۋە ئۇ يەرگە مەھمۇت ۋاپاتىدىن 2 ئايدىن كېيىن ، خەلىل ۋاپاتىغا 1 ئاي قالغاندا يېتىپ كەلدى . سەئىد بۇ يەردە ئەسىرگە ئېلىنىدى . لېكىن، ئۇ، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ ئامان- ئېسەن كابول شەھرىگە كېلىۋالدى . كابولدا يەنە شۇ 1508 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بابورغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى .

ئابۇبەكرى ئەسكەرلىرىنىڭ يەتتە سۇدىكى ھەركەتلىرى ئەمىر ۋەلىنىڭ قوماندانلىقىدا بەك ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى . مەنسۇرخان مەملىكەتتە پۈت تىرەپ تۇرالماي چالىشقا (قاراشەھەرگە) قىرغىزلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ چېكىندى . بۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يوقىتىلدى . ئاز قىسمى موغۇلىستانغا قايتىپ كەلدى . ئابۇبەكرى ئۇلارغا ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا كۆچۈپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى، يەتتە سۇنىڭ شىمال تەرىپىدە 1518 - يىلى ، ھىجرىيە 924 - يىلىدا ئالەمدىن ئۆتكەن قازاق خانى قاسىم ھۆكۈمرانلىق قىلار ئىدى . ئۇنىڭ قىشتا تۇرىدىغان قارارگاھى قارا تال دىگەن يەر ئىدى. 1510 - يىلى ئىتراپىدا قاسىم شەيبانىنى مەغلۇپ قىلدى . 1512 - يىلى ، تالاس ۋە سايراملارنى ئىشغال قىلىپ ، تاشكەنت ئەتراپىنى

تالان-تاراج قىلدى. مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ پىكرىچە، قازاق خەلقى شۇ چاغلاردا بىر مىليون ئادەم ئەتراپىدا ئىكەندۇق. بابۇرنىڭ كۆرسىتىشىچە، خان قاسىمنىڭ 300 مىڭ ئەسكىرى بار ئىكەندۇق. 1513-يىلى كۈز پەسلىدە، چۇ دەرياسىنىڭ ياقىسىدا قاسىم خان بىلەن سەئىد ئۇچرىشىدۇ. سەئىد بۇ چاغدا تېخى بابۇرنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. قاسىم شۇ چاغلاردا 65 ياش ئەتراپىدىكى ئادەم بولۇپ، سەئىدنى بەك چوڭ ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. سەئىد تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ جاڭگال داھىيسىنىڭ قارارگاھىدىكى سەئىدنىڭ نامىغا بېرىلگەن بۇ زىياپەتنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ①.

سەئىد 1514-يىلى بابۇردىن ئايرىلىپ قەشقەرىيەنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش قارارىغا كېلىدۇ. مۇشۇ مەخسەت بىلەن 4700 ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ يەتتە سۇدىن چىقىپ، پەرەزلەرچە، تۇرغات داۋىنىدىن ئۆتۈپ، شۇ ۋاقىتتا قۇدرەت تېپىپ تۇرغان ئابۇبەكرى بىلەن سوقۇش باشلايدۇ.

ئەتتەكلىرچە باتۇرلۇق بىلەن قىلىنغان بۇ يۈرۈش كۈتۈلمىگەندە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملاندى. سەئىد قەشقەر بىلەن يەركەننى ئىستىلا قىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا تولۇق خاتىرجەملىك-تىنچلىق ئەسلىگە كەلدى. 1516-يىلى، ئاقسۇ بىلەن كۇچار ئوتتۇرىسىدا ئاربات دېگەن جايدا مەنسۇر بىلەن سەئىد ئىككىسى يولۇقۇپ، ئۆز-ئارا تولۇق سۈلھى ئورنىتىلدى. مەنسۇر تۇرپان ۋە قارا شەھەرنى بىۋاستە باشقۇرغۇچى ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ يۇقۇرى باشلىقى سۈپىتىدە تۇردى. ئىككىنچى ئۇكىسى ئىمىل خوجا② ئوتتۇرىپان، ئاقسۇلارنى باشقۇرۇپ تۇردى. ئۈچىنچى ئۇكىسى باباچاق-سۇلتان باي بىلەن كۇچارنى باشقۇردى. شۇنداق قىلىپ، قۇمۇل (جۇڭگو) بىلەن ئەنجان (پەرغانە) ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ دائىرىدە سودا-تىجارەت ناھايىتى تېچ ھالدا ئېقىپ تۇردى. تىجارەتچى سودىگەرلەردىن ھېچقانداق باج ئېلىنمىدى.

سەئىد قەشقەرنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، يەتتە سۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز تەسىرىگە بويسۇندۇرۇۋالدى. سەئىد خانغا ئابۇبەكرى بىلەن بولغان سوقۇشتا چوڭ ياردەم كۆرسەتكەن قىرغىز مۇھەممەت ئۆز خەلقىگە باشلىق قىلىپ قويۇلدى. سەئىد مەنسۇر بىلەن كۆرۈشكەنگىچىلىك ھەددىدىن زىيادە زىياپەتلەردە بولۇپ كېتىپ سالامەتلىكىنى بۇزۇۋالغان ئىدى. كېيىن تېۋىپلارنىڭ

① مۇھەممەت ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى» 273--277-بەتلەرگە قاراڭ.

② «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە بۇ ئىسىم Aiman Khwaja دەپ يېزىلغان ئىكەن. مۇسۇلمانچە قوليازمىلاردا ئاخىرقى «ل» بىلەن «ن» پات-پات ئالمىشىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلىشى بىلەن يازنى موغۇلىستاندا ئۆتكەزدى. 1516 - يىلى كۈزدە پەرغانىدىكى ئۆز بەگلىرى بىلەن سوقۇشنى يەنە باشلاش ئۈچۈن ئۇ يەتتە سۇغا كەلدى. چاتىر - كۆل ياقىسىدا ئۆزىنىڭ ئۇكىسى باباچاق بىلەن كۆرۈشتى. ئارپا دېگەن سايدا مەنسۇردىن باشقا ھەممە ئاكا - ئۇكىلار بىرلىكتە ئوۋ ئوۋلاپ، قىشنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆزۈلمەي كەلگەن زىياپەتلەر بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇ، بۇ يۈرۈشكە دەسلەپتە ئاتلانغان چاغدىكى مەخسىدىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانغا ئوخشايدۇ.

بۇ ئارىلىقتا مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار تۈركىستان، تاشكەنت ۋە سايراملارغا پات - پاتلا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. مۇھەممەت شەيبانىنىڭ تۈركىستاننى سوراپ تۇرغان ئەمەكە ۋەچچىسى ئابدۇللانى ئەسىرگە ئالدى ۋە كېيىن نۇرغۇن سوغا بېرىپ قويۇۋەتتى. بۇ ئىش نەتىجىسىدە سەئىد بىلەن مۇھەممەت ئوتتۇرىسىدا سوقۇش پەيدا بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر ئورۇندا مۇھەممەت ھەيدەر: سەئىد مۇسۇلمانلارنىڭ ھامىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇھەممەت بىلەن سوقۇشتى. چۈنكى مۇھەممەت مۇسۇلمان يەرلىرىنى بەك ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى، دەپ يازىدۇ. سەئىد 1517 يىلى كۈز پەسلىدە قەشقەردىن چىقىپ يۈرۈش قىلدى. ئىمىل خوجا سىرىق ئات - ئوقۇرى داۋىنى ئارقىلىق ئاقسۇدىن چىقتى. ھەر ئىككىسىنىڭ قوشۇنى كاپىر يارى دېگەن يەردە ئۇچراشتى. سەئىد مۇشۇ جايدىن بارس قاۋۇن سايى ئارقىلىق ماڭدى، ئىمىل جۇ ئۆكى سايى ئارقىلىق ماڭدى. مۇھەممەتنىڭ ئەسكەرلىرى بولسا بارس قاۋۇن دەرياسىنىڭ قوينۇلىدىغان يېرىنىڭ يېنىدا ئىدى. مۇھەممەتنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە كېيىن ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئېۋەتىلدى. ئۇنىڭ يىلقا، قوي، تۆگىلىرى توپ - توپى بىلەن ئەسكەرلەرگە غەنىمەتكە قالدى. ئەسىردە تۇرغان قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى بوشۇتۇلدى. قىشنىڭ بېشىدا خان قەشقەرگە قايتىپ كەلدى ①.

يېڭى يۈرۈش 1522 - يىلى باشلاندى. مۇھەممەت ھەيدەر: خاننىڭ بۇ ھەربى يۈرۈشىدىكى مۇددىئاسى قىرغىزلار تەرىپىدىن مۇسۇلمانلار ۋىلايەتلىرىگە پات - پات بولۇپ تۇرغان ھۇجۇملارنى توختىتىشتىن ئىبارەت ئىدى، دەپ بايانلايدۇ. مۇھەممەت ھەيدەر يەنە شۇ يېرىنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ھەربى يۈرۈشنىڭ ئەسلى سەۋەبى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يايلاقلىرى موغۇللارنىڭ نۇرغۇنلىغان يىلقا ئۇيۇرلىرىنى، قوي ۋە كالا پادىلىرىنى سىغدۇرۇپ كېتەلمىگەنلىگىدە ئىدى، دەپ يېشىپ بېرىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىقىغا خاننىڭ 13 ياشلىق ئوغلى رەشىت (ئابدۇ رەشىت) رەسمىيەت ئۈچۈن تەيىنلەندى. ئابدۇرەشىت بىلەن

---

① بۇ مەلۇماتلار مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» نىڭ 351 - ، 341 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

بىللە، ئېسىرلىكتىن ئازات قىلىنغان ۋە يېڭىدىن قىرغىزلارنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن مۇھەممەتمۇ ئېۋەتىلدى. موغۇللارنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوشقاز دېگەن سايدا دائىملىق تايانچ ئورۇن قۇردى. قىرغىزلارنىڭ كۆپچىلىگى مۇھەممەتكە ئىتائەت قىلدى. بەك ئازغىنىسى ئۆز يەرلىرىنىڭ يىراق ياقلىرىغا قېچىپ كەتتى. قوشقارغا قىشتا خاننىڭ ئۆزىمۇ كەلدى. خاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن رەشىت بىلەن مۇھەممەت « موغۇلىستاننىڭ ئەڭ يىراق چەتلىرىگىچە» بىرىپ كەلدى. بۇلار چېچىلىپ كەتكەن قىرغىزلارنىمۇ توپلىۋالدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن خاننىڭ ئۆزى ئۆز ئوغلىنىڭ ئابرۇيى-ئىناۋىتىنى كۆتىرىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر يىلى ئاز ۋاقىت قىشقارغا كېلىپ-كېتىپ تۇردى. 1524 يىلى خان قوشقاردا تۇرغان چاغدا، يەتتە سۇنىڭ شىمالىي تەرىپىنى سوراپ تۇرغان قازاق خانى تاھىر كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشتى. تاھىر قاسىمنىڭ جىيەنى ۋە ئىككىنچى ئىزباسارى ئىدى (بىرىنچى ئىزباسارى قاسىمنىڭ ئوغلى مۇماش خان ئىدى)، تاھىر موغۇللارغا يېقىنلىشىش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىكى مەخسەت، تاھىرنىڭ زالىملىقى ئۈچۈن تاھىرغا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن تاھىرنىڭ ئۆزىنىڭ پۇخرالىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۆزبېك ھەم نوغايلار (ماڭغىت) لارغا قارشى تۇرۇش ئىدى. بۇ موغۇللارنىڭ قارارگاھىدا تاھىر شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەت ئۇنىڭ كۆتكىنىدىن ئېشىپ چۈشتى، تاھىرنىڭ سىڭلىسى رەشىتكە نىكاھلاپ بېرىلدى.

مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن مۇھەممەت يەنە ئۆز بەگلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ ئەيىپلىنىپ قەشقەرگە ئېۋەتىلدى. ئۇ، قەشقەردە سەئىد خان ۋاپاتىغىچە تۇردى. مەملىكەتتىكى تەرتىپ ئىنتىزامىنى ساقلاش تارىخچى مۇھەممەت ھەيدەرگە تاپشۇرۇلدى («تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى — ئې. س). مۇھەممەت ھەيدەر ئۆزى مەملىكەت-نىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاش ھەققىدە ئۆزىنىڭ چىقارغان كۈچلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولمىغان-لىقىنى، قىرغىزلارنىڭ كۆپچىلىكى تاھىرغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلىپ يازىدۇ. 1525 - يىلى ياز پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا خان ئىسسىق كۆل ياقىسىغا كېلىدۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرغان ۋاقىتتا موغۇلىستاننىڭ چېگرىلىرىغا قالماقلارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇنىدىن سەل بالدۇرراق، 1523-1524-يىلىنىڭ قىش پەسلىدە، رەشىت قالماقلارغا قارشى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ئۇرۇشلار ئېلىپ باغان ئىدى ۋە مۇشۇ يەردىكى غەلىبىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «غازى» (كاپىرلارغا قارشى جەڭدە غالىپ كەلگۈچى) دېگەن لەقەم سىڭىپ كەتكەن ئىدى، خان ئەندىلىكتە بالا-چاقىسىنى ئىسسىق كۆلگە تاشلاپ قويۇپ (ئېھتىمال يىرقۇردا بايان قىلىنغان ئارالدا بولسا كېرەك)، ئۆزى قالماقلارغا قارشى يولغا چىقىپ قىبىي قالار (ياكى قەبىل قاقلا) دېگەن جايغىچە كەلدى. بۇ جاي ئىسسىق كۆلدىن 10 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جاي ئىدى.

بۇ يەردە، ئۇ، تاشكەنت خانى سۈيۈنچۈكنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. بۇنەھۋال ئۆز بەگلەر بىلەن بولغان سوقۇشنى قايتا باشلاشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. خان دەرھال ئىسسىق كۆلگە كەتتى. ئۇ يەردىن قوڭغۇر ئۆلەڭ دېگەن يەر ئارقىلىق پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. پەرغانىدا ئۇ دېگەندەك بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىش قىلالمىدى. موغۇلىستانغا ـ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى تۇرغان ئوتلۇق دېگەن جايغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرماي قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

تاھىر كېلەر يىلىنىڭ قىشىدا قوشقار دېگەن يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئەسكەر تارتىپ تۇرۇۋالدى. قىرغىزلارنىڭ بىرسى دەرھال ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتتى. رەشىت ئاتىبېشى دېگەن يەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 1526 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇنىڭغا خانىنىڭ ئۆزى كېلىپ قوشۇلدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قازاقلار پۈتۈن يەتتەسۇ بىردە قاش ۋە قوڭغۇزغىچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي يۈرىدىغان بولدى. قوشقار بىلەن جومغالا ئەترابلىرىدا كۆچۈپ يۈرگەن ۋە تاھىرغا قوشۇلۇپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن قىرغىزلارنىڭ قالغان قىسمىنى موغۇللار ئاتىبېشى دېگەن يەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى، تاھىر بىلەن سۆزلىشىپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەردە تۇرۇۋاتقان يۇنۇسخاننىڭ قىزى، تاھىرنىڭ ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلدى. ئوتتۇرىدا بولغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدىن بىزنىڭ ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق. سەئىد خان شۇ چاغدا ئاقسايدا تۇرۇۋاتاتتى. قازاقلار بىلەن قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدا ماجىرا چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال شۇلارنىڭ يېنىغا كەتتى، ئاق قويىاش دېگەن يەرگە كېلىپ ئۇ يەردىن ئارشىلىر دېگەن يەرگە باردى. موغۇللار يەنە داۋاملىق ئالغا ماڭغاندا، كۆچاردا تۇرۇشلۇق بابا چاقنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يولدا ياتقان جەسەتلىرىنىگە يولۇقۇپ قالدى. بۇ ئادەملەر قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىكى جەسەتلىرى ئىكەن. موغۇللار مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، يەتتە سۇدا بىر بۇلاڭچىلىق قىلمايمىزمۇ دېگەن قارارغا كەلدى، نەتىجىدە قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ قويىنى ھەيدەپ كەتتى ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن چەكلەندى. خەلق مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن بۇ قېتىم قىلىنغان ھۇجۇمنى «قوي چېرىگى يۈرۈشى» دېگەن نام بىلەن ئاتايدىغان بولۇپ قالدى. 1527 - يىلىنىڭ ئەتىيازلىقى تاھىر ئاتىبېشىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى قىرغىزلارنى ۋە شۇ يەردىكى موغۇللارنىڭ قويلىرىنى ئېلىپ كەتتى.

موغۇللار چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، يەتتە سۇ قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ قولىدا قېپقالدى. ئەمما، قازاقلار بىلەن قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. 1526 - يىلى، تاھىر ئۆزىنىڭ ئۆگىسى ئابدال قاسىمنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئابدال قاسىم-

غا مۇشۇنداق قاتتىق قىلغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن خەلق نەپرەت بىلدۈرۈپ بۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپ قالدۇ. قىرغىزلار بولسا تاھىردىن ئايرىلماي ئۇنىڭغا سادىقلىق قىلىپ قېپقالدۇ. 1529 - يىلى، تاھىر قايتىدىن ئۆز ئەتراپىغا 20 مىڭدىن 30 مىڭغىچە قازاقلارنى يىغىۋالدۇ. تاھىرنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. مۇھەممەت ھەيدەر ئۇنى بەك ۋەيرانە ئەھۋالدا قېلىپ ئۆلدۇ دەپ يازىدۇ. تاھىر ۋاپاتىدىن كېيىن، پۈتۈن قازاق خەلقىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغان خاننىڭ ئۆتكەنلىكى نامايىن، مۇھەممەت ھەيدەر: تاھىرنىڭ ئىز باسارى بولۇپ ئۇنىڭ ئۇكىسى بويداش قالدى، دەيدۇ.

يەتتە سۇدا موغۇللارنىڭ ھاكىمىيىتى سەئىد خاننىڭ ئىز باسارى بولۇپ قالغان رەشىت خان ۋاقتىدا (1533 — 1565 - 66) ① قىسقا ۋاقىت ئىسلىگە كەلدى. قازاقلار تاشكەنت دائىرىسىدىكى يەرلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن رەشىت ماۋارائۇننەھردىكى ئۆزبەكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، بۇنىڭدىن باشقا، قازاقلارغا غەربىي شىمال تەرىپىدىن نوغايلار (ماڭغىتلار) ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. ھىجرى 944 - يىلى (1537 - 1538 - مىلادى) دا، رەشىت قازاقلارنى دەھشەتلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇقتۇردى. مۇشۇ سوقۇشتا تاھىرنىڭ ئۇكىسى — قازاقلار خانى تۇغۇم ئۆزىنىڭ 37 سۇلتانى بىلەن بىللە ھالاك بولدى. مۇشۇ جەڭدىكى مەغلۇبىيەت تۈپەيلىدىن، يىراقتىكى ئەللەرگە: قازاق خەلقى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىلىپتۇ، دىگەن خەۋەرلەر تارقالدى. رەشىت سەئىدنىڭ ئۇسۇلى بويىچە يەتتە سۇغا ئۆزىنىڭ ئوغلى ئابدال لاتىپنى باش قىلىپ قويدى. موغۇللار ئۆزبەكلەر بىلەن يېقىن ئىتتىپاق بولۇپ ھەرىكەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ھىجرى 951 - يىلى (مىلادى 1544 - 1545 - يىللىرىدا) ئىسسىق كۆل ياقىسىدا رەشىت تاشكەنت خانى نەۋرۇز — ئەخمەت (باراق) بىلەن كۆرۈشتى. مۇشۇ ئىشلارغا قارىماستىن، قازاقلار ئارىدا يەنە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئۆزلىرىنىڭ يەتتە سۇدىكى ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئابدال لاتىپ دادىسى ھايات چاغدىلا قاسىمنىڭ ئوغلى — قازاق ۋە قىرغىزلار خانى ھەقنەزەر بىلەن بولغان سوقۇشتا ھالاك بولدى. 1558 - يىلى ئەتراپىدا، جىنكىنسوننىڭ يېزىشىچە، قازاقلار يەنە تاشكەنتكە تەھدىت سېلىپ تۇرغان، قىرغىزلار بولسا قەشقەرگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تاشكەنت، قەشقەردە تۇرغۇچى خەلقلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن ھەمدە غەربىي ئاسىيا بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق بولىدىغان سودىسى پۈتۈنلەي توختاپ قالغان.

① بارتولد 1900 - يىلى بۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە تۈزىتىش قىلغان. ھەيدەرنىڭ يازغان تارىخى بويىچە (تارىخى ھەيدەر بويىچە)، رەشىت ھىجرىيە 978 - يىلى (مىلادى 1570 - 1571 - يىللاردا) ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئابدال لاتىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بۇ ئادەم 29 يېشىدا ھەقنەزەر بىلەن بولغان سوقۇشتا قۇربان بولغان ئىكەن، ئەمما بۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىنىڭ يىلى كۆرسىتىلمەيدۇ.

VIII

# قالماقلار *

16 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەتتە سۇدا موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ھەققىدە بىزدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق . بەزى قىزىق مەلۇماتلارنى، مۇشۇ كۈنگىچە ھېچكىم تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنمىغان، ھىجرى 990 - يىلى ( 1582 - يىلى ) سەيپى دېگەن ئادەم تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە بىزگە مەلۇم بولۇشىچە پەقەت قولىيازما سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن تۈرك تىلىدىكى ئەسەر بېرىدۇ. بۇ قولىيازما لېيدىن دارىلفۇنۇنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا . بۇ ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، قالماقلار شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا غەلىبە قازىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرغان ئىكەن . ئۇ ئادەم قالماقلارنىڭ باشلىقىنى ئالتان - خان دەپ ئاتايدۇ . بۇ يەردە تۈمەت دېگەن قەبىلىنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارى نەزەردە تۇتۇلۇشى ئېھتىمال، ئۇ ئادەم شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا ناھايىتى كەڭ بىر ئىمپېرىيە تۈزگەن ۋە 1552 - يىلى ئويراتلارنى بويسۇندۇرغان ئىدى . تاھىرنىڭ جىيەنى - چىغاينىڭ ئوغلى قازاق خانى تەۋەككەل ① قالماقلار مەملىكىتىگە ھۇجۇملار يۈرگۈزۈپ تۇرغان ئىدى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاقلارنىڭ مەملىكىتى مەجۇسىلەر تەرىپىدىن قاخشاتقۇچ ھۇجۇملارغا ئۇچرىدى . تەۋەككەل تاشكەنتكە قېچىپ كەتتى.

ئۇ چاغدا تاشكەنتتە ناۋرۇز — ئەخمەت خان ئىدى ( ناۋرۇز — ئەخمەت 1556 - يىلى ۋاپات بولغان ). تەۋەككەل ناۋرۇز ئەخمەتكە دۈشمەنگە قارشى بىر ئىتتىپاق

---

* بۇ بابنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى : بېچۇرىننىڭ « تارىخى ئەنزارى » ، ئونكوۋسكىنىڭ « ئەلچىلىك » دېگەن ئەسىرى، پوزنىيېۋنىڭ « جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت» دېگەن ئەسىرى ، ھوۋوتنىڭ « مۇڭغۇل تارىخى » 1 - تومى.

① 16 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمى ۋە 17 - ئەسىردىكى يەتتە سۇ تارىخى پۈتۈنلەي دېگىدەك تەتقىق قىلىنمىغان ھالەتتە تۇرماقتا. 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ۋەقەلەرنى قەشقەردە يېزىلغان بەزى مەنبەلەردىن بىلگىلى بولىدۇ . مۇشۇ قەشقەر مەنبەلىرىدىكى قازاقلار ۋە قىرغىزلارغا ئائىت مەلۇماتلارنى چوقان ۋەلىخانوپ ئېلىپ پايدىلانغان. «چوقان ۋەلىخانوپ ئەسەرلىرى» نىڭ 79 - بېتىگە قاراڭ. يەنە مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ يازغانلىرىدىن سالاھىدىنۋانىڭ ئالغان ماتېرىياللىرىغا قاراڭ. جۇڭگو مەنبەلىرىدىن قالماقلار ھەققىدە ئېيتىلغان ماتېرىياللارنى پېللىيوتنىڭ ئالغانلىرىدىن قاراڭ. قىرغىز تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك جۇڭغار ھەربى باشلىقلىرىنىڭ كېيىنكى ھۇجۇملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى رومودىن كاندىراتسپلارنىڭ «مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇش تەجرىبىسى » دېگەنلىرىگە قاراڭ. پېتروپنىڭ «ئوچېركلار » دېگەن ئەسىرىنىڭ 55 - ، 60 - بەتلىرىگە قاراڭ.

تۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ بەردى ، نەۋرۇز ئەخمەت تەۋەككەلگە : «سەن بىلەن مەندەك يەنە ئون پادىشا بولسىمۇ بۇ قالماقلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ » دەپ جاۋاپ بەردى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتور قىرغىزلار ۋە قازاقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىدۇ . ئاپتورنىڭ سۆزىچە : «قىرغىزلار موغۇللارغا قېرىنداش كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ پادىشالىرى بولمايدىكەن ، پەقەت بەگلىرىلا بولىدىكەن ، بەگلىرىنى ئۇلار قاشقا دەپ ئاتايدىكەن . ئۇلار كاپىرمۇ ئەمەس ، مۇسۇلمانمۇ ئەمەسكەن ، بەك ئېگىز تىك تاغلىق جايلاردا تۇرىدىكەن ، تاغلاردىن ئۆتىدىغان ئايرىم چىغىر يوللار بولىدىكەن ، ئەگەردە ئۇلارغا قانداقتۇر بىرەر پادىشا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلسا ، قىرغىزلار ئۆزلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى تاغ ئىچىگە ئېپقېتىپ ئۆزلىرى تار تاغ ئېغىزلىرىنى توسىۋېلىپ ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىكەن . ئۇلار يادا ① دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاشتىن پايدىلىنىپ ، ئۆزلىرىگە قارشى كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاتتىق قار ياغدۇرىدىكەن ھەم شۇنداق قاتتىق سوغاق پەيدا قىلىپ ، ئۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قول ۋە پۇتلىرىنى ئۈششۈتۈپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۆزلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدىكەن ، ئۆلۈپ قالغان ئادەملەرنى ئۇلار يەرگە كۆممەيدىكەن ، مەخسۇس تاۋۇتقا سېلىپ ئېگىز دەرەخلەر ئۈستىگە قويۇپ قويىدىكەن . جەسەتنىڭ ئۈستىخانلىرى ئۆزلىكىدىن چىرىپ چېچىلىپ كەتكىچە شۇ يەردە تۇرىدىكەن ② . قىرغىزلارنىڭ خوشنىسى قازاقلار بولۇپ ، ئۇلار 200 مىڭ ئائىلىلىك خەلق ئىكەن . قازاقلار مۇسۇلمانىكەن ، ئىمام ئەزەم (ئەبۇ ھەنىفە ) مەزھىپىدە تۇرىدىكەن . ئۇلاردا قوي ، تۆگە نۇرغۇن ئىكەن . ئۆيى بىر ھارۋىغا پېتىپ كېتىدىكەن . ئۇلارنىڭ چاپانلىرى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن بولىدىكەن ۋە بۇلارنى ھەر خىل رەڭلەردە بوياپ قويىدىكەن . بويالغاندىن كېيىن بۇ كىيىملەر ئەتلەستىن تىكىلگەن كىيىملەرگە ئوخشاشلا بولۇپ قالىدىكەن ، بۇخارادا بۇنى ئەتلەس بىلەن بىر باھادا سېتىۋالىدىكەن . بۇلار شۇنچە چىرايلىق ، ئىنچىكە توقۇلغان بولىدىكەن . يەنە قوي يۇڭىدىن يامغۇردىن ساقلىنىدىغان بىر چاپان تىكىلىدىكەن ، بۇنىڭدىن زادى يامغۇر ئۆتمەيدىكەن . بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەب ، بەزى ئورۇنلاردا بىر خىل چوپ ئۆسۈپ شۇ چۆپنى قويلار يېگەندىن كېيىن قوينىڭ يۇڭى شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالىدىكەن ».

① ئومۇمەن تۈركى خەلقلەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە ، بۇ تاش قار ۋە يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن ۋە شۇنىڭدەك بوران چىقىرالايدىكەن .

② ئاپتور بۇ مەلۇماتنى كىتاپ مەنبەلىرىدىن ئالغان بولۇشى ئېھتىمال . ئەمما بۇ ئىشنىڭ دۇشۇ ئاپتور ياشاپ تۇرغان ۋاقىتتىكى قىرغىزلاردا بولۇشى ناتايىن .

1594 - يىلى ، تەۋەككەل موسكۋاغا مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ پادىشا - فيئودورنىڭ پۇخرالىقىغا ئۆتۈشىنى تەكلىپ قىلىدىكەن . مۇشۇ ئەلچىلىك ھەققىدىكى ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا خان «قازاق ۋە قالماقلارنىڭ پادىشاسى» دەپ ئاتالغان ئىكەن. مانا مۇ شۇنىڭدىن شۇ چاغدا تەۋەككەل خانغا بەزى قالماق ئۇرۇقلىرىمۇ① ئىتائەت قىلغانىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ. 1598 يىلى ، تەۋەككەل تۈركىستان ۋە تاشكەنتنى ئىگەللىۋالىدۇ②. شۇيىلى ئۇ ئۆزىمۇ ۋاپات بولىدۇ. بۇ شەھەرلەر قازاقلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا 1723 - يىلغىچە تۇرىدۇ. ۋېلىيەمىنوپ - زېرنوپنىڭ پىكرىچە، كېيىن قازاق خەلقىنىڭ ئۈچ قەبىلە ئىتتىپاقىغا يەنى ئۈچ جۇزگە بۆلۈنگەنلىكى دەل شۇ پاكىتقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن ( بۇرۇن نەشر قىلىنغان كونا رۇسچە ماتېرىياللاردا ئوردا دېگەن تېرمىن ئىشلىتىلگەن. ھازىر، بۇنىڭ ئورنىغا جۇز دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ - ئۇ.س ) . قالماقلار قازاقلارنى تەدرىجى ھالدا يەتتە سۇدىن سىقىپ چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 17 - ئەسىردە، تۈركىستان بىلەن تاشكەنت قازاقلار ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالىدۇ. قالماقلار 17 - ئەسىرنىڭ بېشىدا خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ھەتتا ۋولگا دەرياسى ياقىلىرىغىچە بارىدۇ. مانا مۇشۇ ۋاقىتلار ئەتراپىدا چوروس قەبىلىسىنىڭ خانى قارا خۇلا پۈتۈن ئويرات ئىتتىپاقىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا توپلاشقا كىرىشىدۇ. بۇ ئىشقا ئايرىم - ئايرىم يەرلەرنىڭ باشلىقى - تەيجىسى بولغان ئادەملەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئەمما ، قارا خۇلا ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەقسەتكە يېتىدۇ . 1634 - يىلى، قارا خۇلانىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى باتۇر ئولتۇرىدۇ . باتۇرغا خۇڭتەيجى دېگەن ئۇنۋان بېرىلىدۇ . باتۇر خۇڭتەيجى زامانىسىدا ئويراتلار ( جۇڭغارلار ) دۆلىتى مۇئەييەن بىرتۈزۈمگە ئىگە بولىدۇ ( جۇڭغار دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «سول قانات» دېمەكتۇر ) . 1640 - يىلى خۇڭتەيجىنىڭ ئوردىسىدا قۇرۇلتاي چاقىرىلىدۇ . خۇڭتەيجىنىڭ ئوردىسىغا ئەڭ يىراقتا — روسىيىگە كېتىپ قالغان قالماقلارنىڭمۇ باشلىقى كېلىپ قاتنىشىدۇ . مەزكۇر قۇرۇلتايدا قالماقلارنىڭ مەشھۇر „دالا قانۇنى“ ئېلان قىلىنىدۇ . خۇڭتەيجىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆچۈپ يۈرىدىغان يېرى دەسلەپتە يۇقۇرى ئېرتىشنىڭ يېنىدا — زەيسان كۆلىنىڭ سەل يۇقۇرىسىراق بىر ئورۇنغا جايلاشقان ئىدى . باتۇر خۇڭتەيجى تەۋەككەلخاننىڭ ئىز باسارى ۋە ئۇكىسى قازاق خانى ئىشىمغا قارشى قاتتىق سوقۇشلار ئېلىپ بارىدۇ .

① ۋېلىيەمىنوپ - زېرنوپنىڭ «قاسىمۇف پادىشالىقى ھەققىدىكى تەتقىقات» دېگەن كىتاۋىنىڭ 2 - قىسىم 104 - بېتىگە قاراڭ .

② ۋېلىيە مىنوپ - زېرنوپنىڭ « قاسىمۇف پادىشالىقى ھەققىدىكى تەتقىقات » دېگەن كىتاۋىنىڭ 2 - قىسىم 345 - بېتىگە قاراڭ .

باتۇر خۇڭتەيجى 1653 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. بۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئويرات ئىتتىپاقىـ دىكى ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىكى ئاجىزلىشىدۇ. رۇس مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، باتۇرنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى سېنگې ئولتۇرىدۇ . سېنگې توغرۇلۇق پروفېسسور پوزدنېيېف تەتقىق قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: „ سېنگې ھېچقاچاندا ئۆزىنىڭ دادىسىغا ئوخشىغان پۈتۈن ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئەمەس . باتۇر خۇڭتەيجى ۋاپاتىدىن كېيىن— 6 - 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، سېنگې جۇڭغار ئۇرۇقلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى دەپ ئويلاش مۇمكىن . سېنگېنىڭ ئەھمىيىتى ھېچقاچاندا مۇشۇ دەرىجىدىن يۇقىرى كۆتىرىلگەن ئەمەس " . خۇڭتەيجى دېگەن ئۇنۋانمۇ سېنگې ۋاقتىدا بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىر قانچە ئادەملەردە بولۇپ كەلدى . ئېرتىشنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا باتۇرنىڭ چوڭ ئوغلى سېتسىن خان كۆچۈپ يۈردى .

1671 - يىلى ، سېنگې ئۆلتۈرۈلدى ، بۇ چاغدا تىبەتتىن ئۇنىڭ ئۇكىسى غالدان ـ بوشوكتۇ خان كەلدى . كېيىنلا ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۆز ئۇكىسى سېتسىن خان بىلەن كۈرەش قىلىشقا كىرىشتى . 1676 - يىلى ، سېتسىن خان تەلكە داۋىنى ۋە سايرام كۆلى يېنىدا مەغلۇپ قىلىندى ۋە غالدانغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى . غالدان ئۆزىدىن ئاۋالقى ئۆتكەن قالماق باشلىقلىرىغا ئوخشاش قازاق ۋە قىرغىزلار بىلەن سوقۇشتى . 1681 - ۋە 1683 - يىللاردا غالدان سايرامغا ھۇجۇم قىلدى . 1683 - 1684 — 1685 - يىللاردا قىرغىز ـ لارغا ۋە پەرغانىلىقلارغا قارشى ھۇجۇملار يۈرگۈزدى . 1684 - يىلى سايرام ئېلىنىپ ، غالداننىڭ قوماندانى راپتان تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى . مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قالماقلارنىڭ يەتتە سۇدىكى ھاكىمىيىتىنى ئۇلاردىن ھېچكىم تالاشمىغانلىقى مەلۇم . قالماقلارنىڭ قازاقلارغا ، موڭغۇللارغا ۋە خەنزۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان نۇرغۇن سوقۇشلىرى يەتتە سۇغا مۇناسىۋەتلىك بولمىدى . مەلۇم بولۇشىچە ، غالدان قالماق خۇڭتەيجىلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئاساسەن ئىلى دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا كۆچۈپ يۈردى ، بەزىدە قىشنى ئېرتىش ياقىسىدا ئۆتكەزدى ، ئېھتىماللارغا كۆرە ، ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتى ۋە قۇرقارا - ئۇسۇلار خۇڭتەيجىنىڭ شەخسى مۈلكى دەپ ھېساپلىنىشى ئېھتىمال . تۈركى خەلقلەردىن ئۇنكوۋسكىنىڭ گۇۋالىق بېرىپ ئىسپاتلىشىچە ، پەقەت بۇرۇتلار ( قىرغىزلار ) 18 - ئەسىردە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا كۆچۈپ يۈرگەن ئىكەن .

غالدان بۇ ئۆزىنىڭ دۆلىتىدە ئۆزىنىڭ يەگانە ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش مەخسىدى بىلەن ئۆز تۇققانلىرىنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى . ئۇنىڭ تۇققانلىرىنىڭ بىرسى - غالداننىڭ جىيەنى سېۋان - راپتان 1678 - يىلى قېچىپ تۇرپانغا بېرىۋالدى . 1688 - يىلى غالدان موڭغۇلىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭغاندا ، سېۋان - راپتان شۇ يىلى ياكى 2 - يىلى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىپ بۆرتالا ۋادىسىغا ئورۇنلىشىۋالدى. شۇ يەردە تۇرۇپ، سېۋان-راپتان پۈتۈن مەملىكەتنى قەدەممۇ-قەدەم ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇۋالدى. غالدان بولسا ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ مۇڭغۇلىيىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرى بىرەك مۇۋەپپەقىيەتسىز بولدى. نەتىجىدە، 1697-يىلى غالدان ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. غالداننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سېۋان-راپتان پۈتۈن دۆلەتنىڭ بىردىن بىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن خۇددى ئۆزىنىڭ ئاۋالقى تاغىسىغا ئوخشاش قورقۇنۇچلۇق دۈشمەن بولۇپ قالدى. جۇڭگو بىلەن بولغان تاشقى كۆرۈنۈشتىكى تېنچلىق سۈلھى 1714-يىلغىچىلىك ساقلىنىپ تۇرۇلدى. مۇشۇ يىلى سېۋان-راپتان قوشۇنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ جۇڭگوغا ئوچۇق سوقۇش ھەرىكەتلىرى باشلىدى. يەنە شۇ 1714-يىلى، جۇڭگو ئىمپېرا-تورى كاڭشى بىر پەرمان چىقىرىپ، سېۋان-راپتاننىڭ ئەيىپلىرىنى ساناپ كۆرسىتىپ مەزكۇر خۇڭتەيجىگە جۇڭغار تەيجىلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى ۋە يەرلىرىنى تارتىۋاپىلەر، ھازىر، شۇ ھوقۇق ۋە يەرلەرنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، دېگەن تەلەپنى قويدى ۋە مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەيجىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قۇرۇلتاي چاقىرىڭلار، بۇ قۇرۇلتايغا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئىشتىراك قىلىدۇ، دەپ تەلەپ قىلدى. تەلەپكە بىنائەن «ئالاق تېغى (ئالاتاۋ) ئېتىكىدىكى يايلاقلار» خوئوت قەبىلىسىگە بېرىلىشكە تېگىشلىك ئىدى. خۇڭتەيجىنىڭ ئۆزىگە بولسا «ئېرتىش دەرياسى ئېقىمىدىكى كىچىككىنە بىر بۇرجەك» بېرىلىشى كېرەك ئىدى. سېۋان-راپتاننىڭ مۇنداق تەلەپلەرگە قوشۇلمايدىغانلىقى ۋە مۇشۇ تۈپەيلى جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. جۇڭگولۇقلار قالماق دۆلىتىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى ۋە قازاقلار، بۇرۇتلار (قىرغىزلار) نىڭ جۇڭغارلارغا دائىم خەۋپ سېلىپ تۇرىدىغانلىقلىرىنى، مۇشۇ تۈپەيلىدىن قازاق ۋە قىرغىزلار چېگرىسىدا خېلى دەرىجىدە ھەربىي كۈچ ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى ئوبدان بىلەتتى. جۇڭگونىڭ ئېۋەتكەن ئەلچىلىرى ھۆكۈمەتكە يوللىغان دوكلاتلىرىدا جۇڭگو قالماقلارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، دەپ قالماقلار ئۆز ئاھالىسىنى ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا توپلاپ كۆچۈرۈۋاتىدۇ، دېگەن مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

قالماقلار دۇچ كەلگەن مۇشۇ ئېغىر ۋەزىيەتتىن روسىيە ھۆكۈمىتى پايدىلىنىپ قالماقلارنى روسىيە پۇخرالىقىغا ئۆتۈشكە دەۋەت قىلماقچى بولىدۇ. مۇشۇ تەكلىپنى كۆتۈرۈپ 1719-يىلى، كازاك ئوروسلارنىڭ باشلىقى ئىۋان چېرېدوف دېگەن ئادەم قالماقلارغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سەل ئاۋالراق، 1717-يىلى، توبولسك شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئاقسۆڭەك ۋەلەنوف دېگەن ئادەم سېۋان-راپتان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مۇزارتنىڭ يېنىدىكى خارقىر دېگەن كىچىك ئېرىق بويىغا كېلىدۇ،

مەزكۇر ئادەم سېۋان - راپتان يېنىدا خېلى تۇرۇپ ، ئىككىنچى يىلى خوڭتەيجىنىڭ تەلكە تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى خارگوسقا يېقىن ئورۇنلاشقان ئادەتتىكى قىشلىق قارارگاھىغا كېلىپ ، خوڭتەيجى بىلەن خوشلىشىپ كېتىدۇ . كاپىتان ئونكوۋسكىي ئەلچىلىكى ھەققىدە بىز باشقىلارغا قارىغاندا تولۇقراق مەلۇماتلارغا ئىگىمىز . ئونكوۋسكىي 1722 - يىلى 11 - ئاي ئىچىدە، شۇ چاغلاردا ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئورۇنلاشقان خوڭتەيجىنىڭ قارار گاھىغا كېلىدۇ، بۇ جاي چارىننىڭ شەرق تەرىپىدىن بىر نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا بولغان بولىدۇ. ئونكوۋسكىي قالماقلار ھۆكۈمرانى خوڭتەيجىنىڭ سارىيىدا 1723 - يىلى 9 - ئايغىچە تۇرىدۇ . سېۋان - راپتان سارىيىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۇ ئورۇندىن بۇ ئورۇنغا كۆچۈپ يۈرۈپ، تېكەس ۋە چارغالان دەريالىرىغا قەدەر كېلىدۇ . بۇ ئەلچىلىكنىڭ سىياسىي نەتىجىسى بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1722 - يىلى ئىمپېراتور كاڭشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، جۇڭگو تەرەپتىن بولىدىغان خەۋپ خېلى دەرىجىدە ئازىيىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە 1723 - يىلى ، قالماقلار قازاقلار ئۈستىدىن چوڭ غەلىبە قازىنىپ سايرام ، تاشكەنت ۋە تۈركىستانلارنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ.

ئونكوۋسكىينىڭ مۆلچەرىچە ، شۇ چاغلاردا سوقۇش بولۇپ قالىدىغان بولسا قالماقلار 100 مىڭ ئەسكەر چىقىرالايدىكەنمىش. خوڭتەيجى ئۆزىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە زور ھۆرمەت - ئابرويغا ئىگە بولۇپ ، زەيسانلار مەسلىھەتسىز ھېچقانداق ئىش قىلمايدىكەن ( ئورۇغلارنىڭ باشلىقلىرىنى زەيسان دەپ ئېيتار ئىكەن). زەيسانلارنىڭ مۇھىمراغى سېرىن دوندۇك دېگەن ئادەم بولۇپ، بۇ كىشى خوڭتەيجىگە ئەمەكدە ۋەچچە بولىدىكەن. لېپسى ۋە قاراتال دەريالىرى بويىدا كۆچۈپ يۈرىدىكەن. بۇرۇن — مۇشۇ ئەھۋاللاردىن 30 يىل ئىلگىرى، قالماقلاردا دېھقانچىلىق مەشغۇلاتلىرى يوق ئىكەن. ئەندىلىكتە قالماقلارنىڭ خېلىسى دېھقانچىلىق قىلىدىغان بولغان، بۇرۇن بۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئەسىرگە ئېلىنغان بۇخارالىقلار ( سارتلار ) تېرىپ بەرگەن بولسا ، ئەندىلىكتە ، قالماقلار ئۆزلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ، ئۇلارنىڭ تېرىغان يەرلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ تەدرىجىي ھالدا كۆپىيىپ بارغان، خارگوس دەرياسىنىڭ قۇيۇلىدىغان يېرىدە سارتلار ① نىڭ كىچىكرەك بىر شەھىرىمۇ بار ئىكەن . قالماقلار رۇسلار بىلەن (تىنچ تۇرغان ۋاقىتلاردا) ، خەنزۇلار، تاڭغۇتلار بىلەن، شۇنىڭدەك ماۋارائۇننەھر بىلەن سودا — تىجارەت ئېلىپ بېرىپ تۇرغان .

---

① سارت دېگەن سۆز ئەسلىدە سودىگەر، تىجارەتچى دېگەن مەنىدە بولغان. كېيىنرەك كۆچمەن قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ سودا قىلىپ يۈرگەن ئادەملەرنى سارت دەپ ئاتاپ يۈرۈپ، بۇ نام كېيىنرەك ئومۇمىي بىر خەلق ئىسمى قاتارىدا خاتا قوللىنىپ كېلىنگەن. بۇرۇنراق چىققان ئەدەبىياتلاردا سارت دېگەن ئىسىم يولۇقۇپ، بۇ سۆز ھازىرقى ئۆزبەك، ئۇيغۇر ۋە تاجىكلارغا قارىتىلغان. بارتولد بۇ يەردە ئۆزبەك، ئۇيغۇرلارنى نەزەردە تۇتماقتا . ئۇ. س.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالماقلارنىڭ ھەربىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە شۋېتسىيىلىك ئوفىتسېر رېنات دېگەن ئادەم كۆپ جەھەتلەردە ياردەم كۆرسەتكەن. بۇ ئادەمنى (رېناتنى) قالماقلار ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا 1715 - يىلى ئەۋەتىلگەن بۇھگولتس دېگەن ئادەمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقان يولدا 1715 - 16 - يىلى قىش پەسلىدە تۇتۇۋالغان ئىكەن. رېنات قالماقلار مەملىكىتىدە 1733 - يىلىغىچە تۇرغان. قالماقلارغا زەمبىرەكنى (توپنى) قانداق قىلىپ قۇيۇشنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بەزى ھۈنەرلەرنى ئۆگەتكەن ھەتتا مەتبەلەرنى قۇرۇپ بەرگەن ئىكەن. رېنات ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭغارىيىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ ① بۇ كۆچمەنلەرنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىنى بەك تەپسىلىي كۆرسەتكەن ئىكەن. كۆچمەنلەر ئادەتتە تاغ ئېتەكلىرىگە، دەريالارنىڭ يۇقۇرقى ئېقىنلىرىغا جايلاشقان بولىدۇ. يەتتە سۇ دائىرىسىدە كۆچمەنلەر تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا بار ئىدى: (1) يەتتە سۇ، ئالا تاۋنىڭ ئېتىكىدە ۋە بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ يۇقۇرقى ئېقىنىدا؛ (2) ئالتۇن - ئېمىل بىلەن قويبىن ئارىلىقىدا، كۆكتال بىلەن كۆكتېرەك ئارىلىقىدا، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جايلاردا؛ (3) كېگەن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا؛ چارىننىڭ شەرقىدە، كەتمەن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ياقىلىرىدا؛ (4) چىلىك دەرياسى ۋە شۇ دەريا تارماقلىرىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىنلىرىدا؛ (5) ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا، كۆلنىڭ غەربىي چېتىدىكى تيۇپ دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدا، كۆلنىڭ شىمال تەرىپىدە قويسۇ ۋە ئاقسۇ دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا؛ (6) چوڭ كېبىن ۋادىسىدا، چۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ يۇقۇرقى ئېقىنلىرىدا، قارا قاتقىچە بولغان يەرلەردە. رېنات خۇڭتەيجىنىڭ باش قارارگاھىنى تەلكە داۋانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ يېنىدىراق دەپ كۆرسىتىدۇ.

سېۋان - راپتاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن (1727 — 1745) ئولتۇردى. غالدان سېرىنمۇ شەرق تەرەپتە جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ باردى. 1739 - يىلى جۇڭگو بىلەن تۈزۈلگەن سۈلھە توختامى نەتىجىسىدە ئۇ ئۆز يېرىنىڭ ئازلا كام يېرىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە غالدان سېرىن غەرب تەرەپتىن قازاقلارنى ئەمەلىيەتتە بويسۇندۇرۇۋالدى. ھالبۇكى، بۇ قازاقلار ئۆزلىرىنى شەكلەن رۇس پۇقرالىرى دەپ ھېساپلايدىغان ئىدى. مۇشۇ قازاقلارنىڭ مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن غالدان سېرىنغا ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم ئەلچىلەر ئەۋەتىلدى، شۇنداق ئەلچىلەرنىڭ بىرسى پىلاتس - مايور ئۇگرىيۇموف 1732 — 1733 - يىللاردا غالدان سېرىن بىلەن بىر مەزگىل بىللە كۆچۈپ يۈردى. 4 - ۋە 5 - ئايلاردا ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىن كودجىگەر جىراسىغىچە بولغان جايلاردا يۈردى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ياز ئايلىرىدا تېمىرلىك، كېگەن، قار - قارا ۋە تېكەس دەريالىرىنى ياقىلاپ يۈردى. 9 - ئايدىن باشلاپ

① كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ خەرىتە ئەسلى قالماقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، رېنات ئۇلاردىن ئەپلەپ - سەپلەپ ئېلىپ كەتكەن ئىكەن.

پۈتۈن قىشنى تا 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىلى دەرياسىنىڭ ياقىسىدا ئۆتكەزدى: «ئاۋال دەريانىڭ تۈۋىدە، كېيىن يەنە دەريانىڭ يۇقۇرى تەرىپىدە بولۇپ، ئادەتتەكۈدەك جەڭگەر دېگەن جايدا 5 - ئايغىچە تۇرۇلىدۇ» (ئونكوۋسكىنىڭ «ئەلچىلىك» دېگەن كىتابىنىڭ 234 - بېتىدىن).

غالدان - سېرىندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سېۋان - دورجى يۇرت سوراپ تۇردى (1745 — 1750 - يىللار). كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇكىسى لاما دورجى ئۆلتۈردى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن قالماقلار يۇرتىدا ئۇزۇن ئارا جېدەل - ماجرا يۈز بەردى. مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە غالدان - سېرىننىڭ جىيەنى ئامۇرسانا دېگەن ئادەمنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ، قازاقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ بويلىرى ۋە ئېرتىشنىڭ يۇقۇرقى ئېقىملىرىنى ئىگەللىۋالدى. 1754 - يىلى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىگە قارشى تۇرماقچى بولدى. 1755 - يىلى جۇڭگو غەرب تەرەپكە نۇرغۇن ساندىكى ئەسكەرلەردىن تەركىپ تاپقان 2 يۈرۈش قوشۇن ئېۋەتىدۇ. مەزكۇر ئەسكەرلەر ھېچقانداق قارشىلىقسىز قان تۆك-مەستىن 3 ئاي ئىچىدە قالماقلار دۆلىتىنىڭ ھەممىلا يېرىگە بېرىپ ئۇ يەرلەرنى ئىگەل-لىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. دەل مۇشۇ يىلى ئامۇرسانا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بۇلارغا قارشى چىقىدۇ، جۇڭگو ئەسكەرلىرى 2 - يىلى قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرىدۇ. ئامۇرسانا قازاقلار ئىچىگە قېچىپ كېتىدۇ. 1757 - يىلى ئامۇرسانا يەنە بىر قېتىم مۇددەت ئارىلىقىدا ئىلى دەرياسىدا پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى قازاقلار خانى ئابلاي ئامۇرسانانى جۇڭگولۇقلارغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئامۇرسانا رۇس يەرلىرىگە بېرىپ ئامان قالىدۇ، ئەمما شۇ 1757 - يىلى چېچەك چىقىپ ۋاپات بولىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى كۆچمەن ئىمپېرىيە يوقىلىدۇ. 1758 - يىلى، جۇڭگولۇقلار بۇ يەرگە يەنە نۇرغۇن ئەسكەر ئېۋەتىدۇ. مەزكۇر ئەسكەرلەر قالماقلارنى دەھشەتلىك تۈردە قىرىدۇ ①.

مەلۇمكى، قازاقلار، قىرغىزلار جۇڭغار دۆلىتى مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن، يەتتە سۇغا قايتىپ كەلدى. بۇلار ئازۋاقىت شەكلەن جۇڭگو پۇخراسى، دەپ ھېساپلاندى. جۇڭ-گولۇقلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ھازىرقى روسىيە ۋە جۇڭگو ئارىلىقىدىكى دۆلەت چېگرى-سىغا تەخمىنەن ئوخشاپ كەلدى. بۇ ئەلدە روسىيە ھاكىمىيىتى تىكلەنگەنگە قەدەر قازاق-لار ۋە قىرغىزلار ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇپ كەلدى.

---

① بىچورىننىڭ «تارىخى ئەنزار» دېگەن كىتابىنىڭ 109 -، 125 - بەتلىرىگە قاراڭ. ۋېنيۇەن-نىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن 1757 - يىلى يۈرگۈزۈلگەن ھەربى يۈرۈش توغرى-سىدىكى ماتېرىياللىرى ۋە قالماق خەلقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللىرى، دۇمانىڭ «چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەر (ئاگرار) سىياسىتى» دېگەن كىتابىنىڭ 72 -، 73 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ۋەقە يۈز بەرگەن يىللارنىڭ كۆرسەتكۈچى
# (خىرونولوگىك كۆرسەتكۈچ)

مىلادىدىن 2 ئەسر ئاۋال ئۇيسۇنلار يەتتە سۇنى ئىگەللەيدۇ. سىپ خەلقى (ساكلار — ت) جەنۇپ تەرەپكە كۆچۈدۇ.

مىلادىدىن 105 يىل ئاۋال جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەلچىلىرى ئۇيسۇنلارغا كېلىدۇ.

مىلادىدىن ئاۋالقى 51 — يىللار ئەتراپىدا ئۇيسۇنلار ئىگەللىگەن يەرلەر ئىككى دۆلەت بولۇپ بۆلىنىدۇ.

مىلادىدىن ئاۋالقى 11 — يىلدا ئۇيسۇنلارنىڭ بىر قىسمى غەربىي شىمال تەرەپكە كۆچۈدۇ.

مىلادىدىن ئاۋالقى 1 — يىلدا ئۇيسۇنلارنىڭ پادىشاسى ئىچىمى جۇڭگونىڭ پايتەختىگە كېلىدۇ.

مىلادى 5 — ئەسرنىڭ باشلىرىدا جۇجەنلەر (رۇژەنلەر) ئۇيسۇنلارنى يەتتە سۇنىڭ تۈزلەڭ جايلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

425 — يىلى ئۇيسۇنلار جۇڭگوغا ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ.

436 — يىلى جۇڭگو ئەلچىلىرى ئۇيسۇنلارغا كېلىدۇ.

6 — ئەسردە يەتتە سۇنى تۈركلەر ئىگەللىۋالىدۇ.

581 — يىلى تۈرك ئىمپېرىيىسى ئىككى دۆلەت بولۇپ بۆلىنىدۇ.

7 — ئەسردە شۈەن جاڭ ساياھەتكە چىقىدۇ. يەتتە سۇنىڭ دېخانچىلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئەڭ قەدىمقى مەلۇماتلار بېرىلىدۇ.

657 — يىلى يەتتە سۇنى جۇڭگولۇقلار ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالىدۇ.

740 — يىلى ئەتراپىدا غەربىي تۈرك دۆلىتى ئاغدۇرۇلىدۇ.

748 — يىلى سۈيئاپنى جۇڭگولۇقلار ۋەيران قىلىدۇ.

751 — يىلى تالاستا جۇڭگولۇقلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

766 — يىلى سۈيئاپنى قارلۇقلار ئىشغال قىلىدۇ.

940 — يىللار ئەتراپىدا چۇ دەرياسى ۋادىسىنى قارا خانلار ئىشغال قىلىۋالىدۇ.

960 — يىلى يەتتە سۇدىكى تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ.

992 — يىلى بۇغراخان هارون ۋاپات بولىدۇ.

1017 — 18 — يىللاردا شەرقتىكى كۆچمەنلەر يەتتە سۇغا هۇجۇم قىلىدۇ.

1025 — يىلى يەتتە سۇدىن تۇغان خان سۈرۈپ چىقىرىلىدۇ.

1031 — 32 — يىللاردا قادىرخان يۈسۈپ ۋاپات بولدۇ. ئارسلانخان - سۇلايمان.

1043 — يىلى قازاق دالاسىدىكى كۆچمەنلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇ.

1056 — يىلى ئارسلانخان ئاغدۇرۇلدۇ.

1057 — 58 — يىللاردا بۇغراخان مۇھەممەت ۋاپات بولدۇ.

1059 — 1074 — 75 — يىللاردا توغرول قاراخان يۈسۈپ.

1069 — يىلى بىرىنچى قېتىم تۈركى تىلىدا «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى مەيدانغا كېلدۇ.

1074 — 75 — 1102 — 03 — يىللاردا بۇغراخان هارون.

1090 — يىلى ئاتبېشى دىگەن يەرنى قەشقەرلىكلەر تالان - تاراج قىلدۇ.

1102 — يىلى قادىرخان جەبرائىل مەغلۇپ بولدۇ ۋە ئالەمدىن ئۆتتۇ.

1125 — يىلى قارا خىتايلار غەرپ تەرەپكە كۆچتۇ.

1130 — يىلى ئەتراپىدا قارا خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا مەغلۇپ بولدۇ.

1137 — يىلى ئەتراپىدا خوجەند دىگەن يەردە قاراخىتايلار غەلىبە قازىندۇ.

1141 — يىلى كاتىۋان دالاسىدا قاراخىتايلار غەلىبە قازىندۇ.

1142 — يىلى بىرىنچى گۆرخان ۋاپات بولدۇ.

1179 — 1190 — يىللاردا پاترىئاخ (چوڭ روهانى ئۇنۋانى) ئىلىيا III؛ قەشقەر ۋە يەتتە سۇدا نىستورىيان دىنىغا قاراشلىق جايلار.

1208 — 09 — يىللاردا كۈچلۈك يەتتە سۇغا كېلدۇ.

1210 — يىلى قارا خىتايلار ئۆزگەند ۋە تالاسلاردا مەغلۇپ بولدۇ.

1211 — يىلى يەتتە سۇنىڭ شىمالىي قىسمىنى موڭغۇللار ئۆز ئىستىئىتىگە ئالدۇ.

1212 — يىلى گۆرخان ئاغدۇرۇلدۇ. كۈچلۈك پادىشالىققا كۆتىرىلدۇ.

1218 — يىلى يەتتە سۇنى موڭغۇللار بويسۇندۇرۇۋالدۇ.

1219 — يىلى يېلۈي چۇسەي ساياھەتكە چىقدۇ.

1220 — يىلى ۋۇگۇسۇن ساياھىتى.

1221 — 1223 — يىللاردا چاڭچۇن (长春) — چيۇچۇجى ساياھىتى.

1227 — يىلى چىڭگىزخان ۋاپات بولدۇ.

1229 — 1241 — يىللار ئۆگدەي.

1229 — يىلى ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ سەككاكى ئۆلتۈرۈلدۇ.

1242 — يىلى چاغاتاي ۋاپات بولدۇ.

1242 — 46 — يىللاردا قارا ھۇلاكۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1248 — 1246 -- يىللاردا گۈيۈك.

1251 — 1246 -- يىللاردا يەسۇمۇنكې ھۆكۈم سۈردى.

1246 -- يىلى پىلانو كارپىنى ساياھەتكە چىقتى.

1248 -- يىلى باتۇ يەتتە سۇغا كېلدى.

1259 — 1251 - يىللاردا مۇنكې.

1251 - يىلى چاغاتاي ئۇلۇسى تار - مار بولدى.

1260 — 1251 -- يىللاردا ئېرگىنە يۇرت سورايدۇ.

1253 -- يىلى رۇبرۇك ساياھەتكە چىقتى.

55 - 1254 - يىللاردا ھۇلاكۇنىڭ غەربىي يۈرۈشى بولدى.

1255 -- يىلى گايتون ساياھەتكە چىقتى.

1259 -- يىلى چاڭدى ئەلچىلىكى كېلدى.

1260 -- يىلى قۇبىلەي ۋە ئارىق بۇقا خاقانلىققا سايلىندى.

66 -- 1265 — 1260 -- يىللاردا ئالغۇي.

1260 -- يىلى ۋەزىر ھەبەش ئەمەد ۋاپات بولدى.

1262 -- يىلى ئالغۇينىڭ سايرام كۆلى يېنىدىكى غەلبىسى.

1263 -- يىلى ئالغۇينىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى مەغلۇبىيىتى.

1264 -- يىلى ئارىق بۇقىنىڭ چېكىنىشى.

1266 -- يىلى مۇبارەكشاھنىڭ سايلىنىشى؛ باراقنىڭ يېتىپ كېلىشى؛ مۇبارەكشاھنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى.

1268 -- يىلى خەيدۇنىڭ سىر دەرياسى بويىدا باراق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى.

1269 -- يىلى تالاستا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتاي.

1271 -- يىلى باراقنىڭ ۋاپاتى.

1282 -- يىلى چاغاتاي ئەللىرىدە خاتىرجەملىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى.

1301 -- يىلى خەيدۇنىڭ ۋاپاتى.

1303 -- يىلى چاپارنىڭ خان دەپ ئېلان قىلىنىشى، بايانىنىڭ ئەلچىسىنىڭ باغداتقا بېرىشى.

1304 -- يىلى موڭغۇل دۆلەتلىرىنى فېدېراتسىيىلەشتۈرۈش پىلانى.

1305 -- يىلى چاپار بىلەن تۇۋا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پەيدا بولدى.

07 -- 1306 -- يىللاردا تۇۋا ۋاپات بولدى.

1308 -- يىلى كۈنجەك ۋاپات بولدى.

1308 -- 09 - يىللاردا تالىكو.

1310 — 1318 -- يىللاردا ئېسەن - بۇقا.

1315 -- يىلى ئېسەن بۇقا بىلەن ئۆزبەك ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىشىش بولىدۇ.

1318 — 1326 -- يىللاردا كېبەك.

1326 -- يىلى ئىل چىگىدەي؛ ئوتتۇرا ئاسىيادا كاتولىك دىنى تەشۋىقاتىنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتى. دۇررە. تۆمۈر

1326 — 1334 - يىللار تارما شىرىن.

1333 -- يىلى ئىبنى باتتۇتا نىڭ ساياھىتى بولدى.

1334 -- يىلى بۇزان.

1334 — 1338 -يىللىرى جەڭكىچى. ئالمالىقتا كاتولىك مىسيونېر-
لىرىنىڭ كېلىشى.

1338 - 1339 -- يىللاردا يەتتە سۇدا چوما كېسەلى يۈز بېرىدۇ.

1339 -- يىلى خرىستىيان دىندىكىلەر تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ.

1347 -- يىلىدا ماۋارا ئۇننەھردىكى چاغاتاي خانلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى يوقىتىلىدۇ.

1348 — 1362 -- 63 يىللار تۇغلۇق تۆمۈر.

1360 -- يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ماۋارائۇننەھرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرىدۇ.

1370 - 71 -- يىللاردا تۆمۈر قوشقارغا كېلىدۇ.

1375 -- يىلى تۆمۈر يەتتە سۇغا ھەربى يۈرۈش قىلىدۇ.

1376 -- يىلى تۆمۈرنىڭ يېڭى ھۇجۇمى بولىدۇ، قەمەرىددىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

1377 -- يىلى تۆمۈرنىڭ يەنە يېڭى ھۇجۇمى بولىدۇ، قەمەرىددىن بۇئام جىراسىدا
تار -- مار قىلىنىدۇ.

1383 -- يىلى تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ ھۇجۇمى يۈز بېرىدۇ.

1389 -- 1399 -- يىللاردا خىزىر خوجا.

1389 -- يىلى تۆمۈر ئېرتىش ۋە يۇلتۇزلارغا يۈرۈش قىلىدۇ.

1390 -- يىلى تۈرك ئەمىرلىرى ئېرتىشقىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ.

1397 -- يىلى تۆمۈر خىزىر خوجانىڭ قىزىنى نىكاھلىنىدۇ.

1399 -- يىلى موغۇلىستاندا ئىچكى نىزالار يۈز بېرىدۇ.

1399 — 1408 -- يىللاردا شەمئى جاھان.

1404 -- يىلى يەتتە سۇنىڭ بىر قىسمىنى تۆمۈر بويسۇندۇرۇۋالىدۇ.

1405 -- يىلى تۆمۈر ۋاپات بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1407 -- يىلى شەم ئى جاھان جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتتى.

1408 — 1416 - يىللاردا مۇھەممەتخان.

1416 — 1418 -- يىللاردا نەقشى ئى جاھان.

1418 — 1421 - يىللاردا ۋەيسخان.

1420 - يىلى موغۇلىستاندا ئۆز ئارا نىزا يۈز بەردى. شاروخ ئەلچىلىرىنىڭ يەتتە سۇدىن ئۆتۈشى.

1421 - يىلى شىر مۇھەممەتخاننىڭ پادىشالىق قىلىشى.

1425 - يىلى ئۇلۇغبەگنىڭ ھۇجۇم باشلىشى.

1428 - يىلى ساتۇق خان بىلەن بولغان جەڭدە ۋەيسخاننىڭ ھالاك بولۇشى.

1428 — 1434 - يىللاردا موغۇلىستاندا يۈز بەرگەن ئۆز ئارا نىزالار.

1434 — 1462 - يىللار ئېسەن بۇقا.

1434 — 1456 - يىللار يۇنۇس خاننىڭ پېرسىيەدە بولۇشى.

1456 — 1462 - يىللار يۇنۇس خاننىڭ جېتى كەنتتە بولۇشى.

1462 - يىلى يۇنۇس خاننىڭ موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا ھۆكۈم سۈرىشى.

1469 - يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ۋاپات بولۇشى.

1472 - يىلى موغۇلىستاننىڭ يۇنۇس خان ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلىككە كېلىشى.

1472 - يىلى يەتتە سۇغا قالماقلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى.

1482 - يىلى موڭغۇللار كۆپچىلىكىنىڭ يۇنۇستىن ئايرىلىپ كېتىشى.

1487 — 1508 - يىللاردا مەھمۇت خان.

1503 - يىلى شەيبانىي بىلەن بولغان سوقۇشتا مەھمۇتخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەخمەت خاننىڭ مەغلۇپ بولۇشى؛ ئەخمەت خاننىڭ ۋاپاتى.

1504 — 1508 - يىللاردا خەلىلنىڭ قىرغىزلارغا باشلىق بولۇشى.

1508 - يىلى مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئۇكىلىرى بىلەن ئالما - ئاتا يېنىدا خەلىل ۋە سەئىدلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭ.

1513 - يىلى چۇدەرياسىنىڭ يا قىسىدا سەئىدخان بىلەن قازاقلار خانى قاسىمنىڭ ئۇچرىشىشى.

1514 - يىلى سەئىد خاننىڭ قەشقەرىيەنى ئىگەللىۋېلىشى.

1516 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا تىنچلىق، خاتىرجەملىكنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشى، سەئىد خاننىڭ يەتتە سۇغا قىلغان بىرىنچى ھۇجۇمى.

1517 - يىلى سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەمىل خوجىنىڭ مۇھەممەت قىرغىزغا قارشى قىلغان ھەربى يۈرۈشى.

1522 - يىلى يەتتە سۇنىڭ موگخۇللارغا بويسۇندۇرۇلىشى. قوشقاردىكى لاگېر.

1524 - يىلى سەئىدخاننىڭ قازاق خانى تاھىر بىلەن ئۇچرىششى.

1525 - يىلى يەتتە سۇغا قالماقلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى. سەئىدخاننىڭ قالماقلارغا قارشى يۈرۈشى. موگخۇللارنىڭ ئاتبېشى دىگەن يەرگە چېكىنىشى.

1526 - يىلى موگخۇللارنىڭ يەتتە سۇدىن چېكىنىشى. تاھىرخانىنى قازاقلارنىڭ تاشلاپ كېتىشى.

1527 - يىلى تاھىر خاننىڭ ئاتبېشىغا كېلىشى.

1529 - يىلى بىر بۆلۈك قازاقلارنىڭ تاھىرخان بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشى.

66 - 1565 — 1533 - يىللار موگخۇل خانى رەشىتخان.

38 - 1537 - يىللاردا رەشىتخاننىڭ قازاقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى. يەتتە سۇدا موگخۇللار ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى.

45 - 1544 - يىللار رەشىتخاننىڭ ئىسسىق كۆل ياقىسىدا تاشكەنت خانى نەۋرۇز - ئەخمەت بىلەن ئۇچرىششى.

1552 - يىلى ئالتان خاننىڭ ئويراتلارنى بويسۇندۇرۇشى.

1556 - 1552 - يىللار قالماقلارنىڭ قازاقلار خانى تەۋەككەل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى.

1594 - يىلى تەۋەككەل خاننىڭ موسكۋاغا ئەلچى ئەۋەتىشى.

1598 - يىلى تەۋەككەل خاننىڭ تۈركستان ۋە تاشكەنتنى ئىگەللىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتى.

1655 — 1634 - يىللار باتۇر خۇڭتەيجى.

1640 - يىلى قالماقلار قانۇنلىرىنىڭ تۈزۈلىشى.

1671 - يىلى سەنگې نىڭ ئۆلتۈرۈلىشى.

1676 - يىلى غالدان - بوشوكتۇ - خاننىڭ سېپ تېپەن خان ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى.

1681 - يىلى غالدان - بوشوكتۇ خاننىڭ سايرامغا يۈرۈشى.

1683 - يىلى غالدان - بوشوكتۇ خاننىڭ سايرامغا يۈرۈشى. قىرغىزلارغا ۋە پەرغانىلىقلارغا قىلغان يۈرۈشى.

85 — 1684 - يىللاردا سايرامنىڭ ۋەيران قىلىنىشى. قىرغىزلار ۋە پەرغانىلىقلارغا قارشى ھۇجۇملار.

1688 - يىلى موگخۇلىيىگە قىلىنغان ھەربى يۈرۈش. سېۋان - راپتاننىڭ جۇڭغارىيىگە كېلىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

1697 -- يىلى غالداننىڭ ۋاپاتى.

1697 - 1727 -- يىللار سېۋان -- راپتان.

1714 -- يىلى قالماقلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا بولغان سوقۇش. ئىمپېراتور كاڭشىنىڭ پەرمانى.

1716 -- 1733 -- يىللار رىناتنىڭ جۇڭغارىيىدە بولۇشى.

1717 — 1718 -- يىللار خۇڭتەيجىنىڭ ئوردىسىغا ئاقسۆڭەك ۋېلىيە نوۋىنىڭ كېلىشى.

1719 -- يىلى چېبىدوۋنىڭ ئەلچىلىكى.

1722 -- ئىمپېراتور كاڭشىنىڭ ۋاپات بولۇشى.

23 - 1722 -- يىللار كاپىتان ئونكوۋسكىنىڭ ئەلچىلىكى.

1723 -- يىلى قالماقلارنىڭ سايرامنى، تۈركىستاننى ۋە تاشكەنتلەرنى بېسىۋېلىشى.

1745 — 1727 -- يىللار غالدان -- سېرىن.

1733 — 1732 -- يىللار خۇڭتەيجى ئوردىسىغا پىسلاتىس -- مايور ئۇگرىيوموۋنىڭ كېلىشى.

1739 -- يىلى قالماقلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا سۈلھ تۈزۈلىشى.

1750 — 1745 -- يىللار سېۋان -- دورجى.

1754 -- يىلى ئامۇرسانانىڭ جۇڭگولۇقلارغا ئىتائەت قىلىشى.

1755 -- يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭغارىيىگە ھۇجۇم قىلىشى.

1756 -- يىلى ئامۇرسانانىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ قازاقلار ئارىسىغا قېچىشى.

1757 -- يىلى ئامۇرسانانىڭ توبولسك شەھرىدە ۋاپات بولۇشى.

1758 - يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭغارىيىنى ۋەيران قىلىشى. قالماقلارنىڭ قىرىلىشى.

1984 - يىل، 23 - فېۋرال سايرانى تەرجىمىسى

5

www.uyghurkitap.com